
ياش - ئۆسمۈرلەرنىڭ كىلاسسىك ئەسەرلەردىن بەھرىلىنىش مەجمۇئەسى - 1
8

# گۈل ۋە نەۋرۇز

ئاپتورى: لۇتفى
نەسرىيلەشتۈرگۈچى: ئەمەت دەرۋىش



شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت - فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن - سىن نەشرىياتى



ھۆرمەتلىك ________________ گە:

سىزگە تەقدىم ئېتىلگەن بۇ كىتاب بۈيۈك شائىر ئەلشىر نەۋايى تەرىپىدىن «سۆز مەملىكىتىنىڭ پادىشاھى» نامى بىلەن تەرىپلەنگەن تالانتلىق شائىر مەۋلانە ئەبەيدۇللا لۇتفى (1366 ـ 1465) نىڭ مەشھۇر ئەسىرى «گۈل ۋە نەۋرۇز» نىڭ ھازىرقى زامان تىلىدا نەسرىيلەشتۈرۈلگەن نۇسخىسى بولۇپ، سىزنىڭ كىلاسسىك ئەدىبلەر ئاۋازىنى بۈگۈنكىلەر تىلىدىن ئاڭلىشىڭىزدا كۆۋرۈكلۈك رول ئوينىغۇسى.

________________ دىن

ـ يىلى ـ ئاينىڭ ـ كۈنى



ياش - ئۆسمۈرلەرنىڭ كىلاسسىك ئەسەرلەردىن بەھرىلىنىش مەجمۇئەسى - 1

8

# گۈل ۋە نەۋروز

ئاپتورى : لۇتفى
نەشرىيلەشتۈرگۈچى : ئەمەت دەرۋىش

شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت - فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن - سىن نەشرىياتى

مەجمۇئە نامى: ياش ـ ئۆسمۈرلەرنىڭ كىلاسسىك ئەسەرلەردىن
بەھرىلىنىش مەجمۇئەسى ـ 1 (8)
كىتاب نامى: گۈل ۋە نەۋرۇز
پىلانلىغۇچى: ئېزىز ئاتاۋۇللا سارتېكىن
ئاپتورى: لۇتفى
نەشرىيلەشتۈرگۈچى: ئەمەت دەرۋىش
مەسئۇل مۇھەررىرى: دىلنۇر ئابدۇراخمان
مەسئۇل كوررېكتورى: نۇرئالىيە ئابدۇكېرىم
تەكلىپلىك كوررېكتورى: ئابدۇغېنى ئابباس
مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: نۇرمۇھەممەد ئۆمەر ئۇچقۇن
نەشرىيات: شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكتىرون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى شىخۇڭ غەربىي يولى 36 ـ نومۇر
پوچتا نومۇرى: 830000
تارقاتقۇچى: شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى
زاۋۇت: شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتى
فورماتى: 1230×880 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى: 2.25
نەشرى: 2011 ـ يىلى 3 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
بېسىلىشى: 2011 ـ يىلى 3 ـ ئاي 1 ـ قېتىم بېسىلىشى
كىتاب نومۇرى: ISBN 978 - 7 - 5469 - 1446 - 6
ئومۇمىي باھاسى: 124.00 يۈەن (جەمئىي 10 كىتاب)

(باسما ۋە بەت تۈپلەشتە خاتالىق كۆرۈلسە زاۋۇت بىلەن ئالاقىلىشىڭ)

# گۈل ۋە نەۋرۇز

ئوتلۇق نەپەسلىرىدىن ئادەملەر ئارىسىغا مېھىر ـ مۇھەببەت ئۇرۇقىنى چېچىپ، ئۇنىڭدىن دىل سۆيۈنىدىغان مەرغۇپ چېچەكلەرنى ئاچقان مەۋلانە ئەبەيدۇللا لۇتفى ھەزرىتىم ئۆزى ياشاۋاتقان جەمئىيەتنىڭ ئاتموسفېراسىدىن نەپەس ئېلىپ، بۇزۇلۇۋاتقان جەمئىيەتنىڭ ئومۇمىي ھالىتىنى تەنقىد كۆزى بىلەن كۆزىتىپ، ئۇنىڭ ئىچكىنىشلىك ماھىيىتىنى تەپەككۇر دۇردانىلىرى بىلەن خۇلاسە قىلىشقا ئىرادە باغلىدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ياخشىلىق بىلەن يامانلىق دۇنياسى، ئاجىزلار بىلەن كۈچلۈكلەر دۇنياسى زاھىر ئىدى. ئۇنىڭ بىر ئۆمۈر قەلەم بىلەن ھەپىلەشكەن ھاياتى ھامان تەسەۋۋۇر بىلەن تەپەككۇرنىڭ كېسىشمىسىدە ھاياتلىقتىن خۇلاسە چىقىرىشقا، ئادەملەر ئارىسىدىكى ئىناقلىق، دوستلۇق، بىر ـ بىرىگە مېھرىبان ۋە كۆيۈمچان بولۇپ، ئاراز ـ كۇلپەت كۆتۈرۈلگەن ئىناق جەمئىيەتنىڭ بەرپا بولۇشىغا بېغىشلانغانىدى. ئۇ ئۇزۇن يىل

ئويلاندى. بىزارلىق ئىلكىدە ئۆتكەن تالاي كېچىلەردە مەقسەت ـ مۇددىئاسىنى قايسى يول بىلەن ئىپادە قىلىشنى ئىستىدى. ئۇ ئاخىر ئىنسانىي مۇھەببەتنى ئىشق يولىدىن، مۇھەببەت يولىدىن ۋە ۋاپادارلىق يولىدىن تاپالايدىغانلىقىغا چىن كۆڭلىدىن ئىشەندى ـ دە، قەلەم تەۋرىتىشكە باشلىدى.

ئالەمدىكى بارلىق جانلىقنى بىر ـ بىرىگە بولغان مېھىر ـ مۇھەببەت بىلەن مەھكەم باغلاپ، ئۇنىڭدىن ھاياتنىڭ لەززىتىنى، ياشاشنىڭ مەنىسىنى بىلىشكە قىزىقتۇرغان ئۇلۇغ تەبىئەت ئۆزىنىڭ بىقىياس قۇدرىتى، كۆڭۈل خاھىشى ئاساسىدا نەۋشاد ئېلىنىڭ شاھى فەرۇھقا شۇنداق قۇدرەت ئاتا قىلدىلەركى: ئۇ ئىلىمدە تەڭداشسىز بولۇپ، قىلغان ئەمەل ۋە ھەرىكەتلىرى، كۆڭۈلدىن كەچكەن نىيەت ۋە مەقسەتلىرىنىڭ ھەممىسى ئەنە شۇ ئېلىنىڭ رەھنامالىقىدا ئىدى. ئۇنىڭغا ئىلىم شۇنداق بىر خىسلەتنى ئاتا قىلغانىدىكى، ئۇنىڭ ئەنە شۇ ئىلمى تۈپەيلى كەلگۈسى ئىشلار ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا زاھىر ئىدى. يىراق ئۆتمۈشنىڭ ھېكايەتلەرگە ئايلىنىپ كەتكەن ئىشلىرىنى ئەمەلىيەتكە باغلاپ ئۇنىڭدىن كىشىنى قايىل قىلىدىغان خۇلاسە چىقىرىشقا ماھىر ئىدى. ئۇ سەلتەنەت تەختىگە ئىلىم بىلەن ئولتۇرغانلىقى ئۈچۈن ئەلنىڭ ئاۋاتلىقى ئۇنىڭ ئادىللىقى بىلەن

مەشھۇر ئىدى. قول ئاستىدىكى چېرىكلەر كۈچلۈك، ئەلنىڭ ياۋىغا ياۋ، كۆلكىسىگە شادىمان ئىدى. خەلقلىرى ئارىسىدا خار - زەبۇنلۇق يوق، يوللىرى راۋان، يۇرتلىرى باياشات، خەلقى بىر - بىرىگە مېھرىبان ئىدى. كىشىلەر بۇنداق بەختلىك، ئازادە تۇرمۇشىدىن سۆيۈنۈپ ھەممىشە شاھقا ئۇزۇن ئۆمۈر تىلەشسىمۇ، لېكىن ئۆمۈرنىڭ چەكلىك ئىكەنلىكىنى ئەسلەشكەندە، شاھنىڭ پەرزەنتسىزلىكىدىن باغرى كۆيۈپ، ئۇھ تارتىشاتتى. شاھقا ئۇزۇن ئۆمۈر تىلەش بىلەن بىللە، يەنە ئۇلۇغ تەبىئەتنىڭ شاھقا ۋاپادار بىر ئوغۇل پەرزەنت ئاتا قىلىشىنى، پەرزەنت ئاتىسىغا ساداقەتمەنلىك بىلەن ۋارىس بولۇپ، ئاتىنىڭ قولىدىكى ۋاپادارلىق مەشئىلىنى مەملىكەت ئاسمىنىدا يورۇتۇشىنى تىلىشەتتى. شاھ فەرۇھمۇ كېچە - كۈندۈز ئىبادەتتە بولۇپ، ھەممىشە پەرزەنتسىزلىك غېمىدە ئۆرتىنىۋاتقان قەلبىنى ئۇلۇغ تەبىئەتتىن كۈتكەن ئۈمىدۋارلىق سۆيى بىلەن ياشارتاتتى.

كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇلۇغلارنىڭ «تىلىسەڭ ئېرىشىسەن» دېگىنىدەك، ئۇلۇغ تەبىئەت ئۇنىڭغا بىر ئوغۇل پەرزەنت ئاتا قىلدى. پادىشاھ فەرۇھنىڭ پەرزەنتسىزلىك غېمىدە، قاقشالغا ئوخشاپ قالغان ۋۇجۇدى مېھىر سۆيى بىلەن قايتا ياشارغاندەك بولدى. ئۇنىڭغا گويا قۇلۇلە قېپىدىن سەدەپ

چىققاندەك بولدى. گويا ئۆيىگە شۇ قەدىر قونۇپ، قاراڭغۇ ئۆينى ۋاللىدە يورۇتقاندەك بولدى. گويا ئۇنىڭ مۇراد بېغىدا ئوتقاشتەك بىر گۈل ئېچىلىپ، ئۇنىڭ خۇرسەندىلىك دىمىغىغا ئەتىر پۇراقلىرى ئۇرۇلغاندەك بولدى. نەزم:

*بېغىدا چوغ كەبى بىر گۈل ئېچىلدى،*
*ئەمەس گۈل، بەلكى سائادەت بۇيى چېچىلدى.*

يۇكسەك پىلانلارنى كۆڭلىگە پۈكۈپ، ئۇنىڭدىن دىلىغا ھۇزۇربەخش ئەتكۈچى مەرغۇپ چېچەكلەرنى ئېچىلدۇرۇشتا ئىرادىلىك، قابىل، ۋاپادار، ساداقەتمەن ۋارىسىنىڭ يوقلۇقىدىن يۈرىكى زەرداب بولغان شاھ خۇشاللىقىدىن خەزىنىسىنىڭ ئىشىكىنى داغدام ئاچتى ـ دە، بالىنىڭ ئۈستىدىن جاۋاھىرلارنى چاچقۇ قىلىپ چاچتى. مېھىر ئاپتاپ، خۇش تەلئەت شاھنىڭ ۋارىسقا ئىگە بولغانلىقىدىن سۆيۈنگەن ئەل شاھنىڭ ئادىللىقىنى داۋام ئەتكۈسى ئوغۇلدىن سۆيۈنۈپ، شاھنى مۇبارەكلەپ خەزىنىنى توشقۇزۇشنى، يىلنىڭ بېشىدا قۇتلۇق كۈندە يورۇق دۇنياغا كۆز ئاچقان بۇ ئوغۇلدىن يالغۇز فەرزەھ شاھلام ئەمەس، پۈتكۈل ئەل شادىمان ئىدى. شاھ مۇنەججىم، ئالىملارنى ئوردىغا چاقىرتىپ، ئوغۇلغا مۇبارەك

ئىسىم قويۇش توغرىسىدا ئىلتىماس قىلدى. ئالىم، مۇنەججىملەر ھېچبىر ئىككىلەنمەيلا ئوغۇلنىڭ ئىسمى «نەۋروز» بولسۇن دېيىشتى. «يىلنىڭ بېشى باھاردىن، كۈننىڭ بېشى سەھەردىن» دېگەندەك، قۇتلۇق يېڭى يىل باشلىنىش تۇندە تەۋەللۇت بولغان بۇ ئوغۇلنىڭ مۇبارەك ئىسمىنىڭ «نەۋروز» بولغانلىقىدىن شاھ، ئوردا ئەھلى، ئوغۇلنىڭ بوزرۇكى ھەممىلەن رازى بولۇشتى. شاھى فەرۇھ يۈگەكتىكى ئوغۇل — نەۋروزنى قولىغا ئېلىپ ئۇنىڭ پېشانىسىگە مېھرى بىلەن سۆيدى. ئۇ، بۇ سۆيگىنىدىن قەلبىدىكى مېھىر ـ مۇھەببەت ۋە كۆيۈمچانلىقىنىڭ شۇررىدە ئوغلىغا ئۆتۈۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى.

بوزرۇك ئوغلىغا پەدەرىدىنمۇ بەكرەك كۆيۈنەتتى. ئۇ ۋۇجۇدىدىكى بارلىق مېھىر ـ مۇھەببىتىنى، شادلىق ۋە خۇشاللىقىنى ئاپپاق سۈتىگە قېتىپ، پەرزەنتىنىڭ ۋۇجۇدىغا ئاقتۇراتتى. كېچىلەرنى بىدارلىقتا ئۆتكۈزۈپ، ئوغلىنىڭ تولۇن ئايدەك دىدارىغا قانماي قارايتتى. پەرزەنتىنىڭ كۈندىن ـ كۈنگە بەك قۇۋۋەتلىنىپ، غەمسىز چوڭ بولۇۋاتقانلىقىدىن سۆيۈنگەن فەرۇھ شاھ ئۇلۇغلارنىڭ «ھايۋان تۇيىقىدىن، ئادەم قۇلىقىدىن» دېگەن تەلىمىگە ئاساسەن پەرزەنتىنى كىچىكىدىن

باشلاپلا ئىلىم ئۆگىنىپ، يارامىلىق ئادەم قىلىپ تەربىيەلەشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلىپ، بىلىملىك خادىملارنى تاللاپ ئوغلىغا بىلىم ئۆگىتىشكە تەيىن قىلدى. ھۆسن - جامالدا كامالەتكە قاراپ مېڭىۋاتقان، ۋۇجۇد قۇرۇمىدا بەرزۇلۇق تەختىگە قاراپ ئىنتىلىۋاتقان نەۋرۇز ئۇستازى ئۆگەتكەن ساۋاقلارنى قەلب ئۆيىگە شۇ ھامان نەقىش قىلىپ ئويۇۋالاتتى. ئۇنىڭغا ساۋاقتا تەكرار لازىم ئەمەس ئىدى. تۈن پەردىسى ئالەم ئۆيىگە تارتىلىپ، دىل قەسرى ئۇيقۇ شەربىتىدىن ئاراملىق ئىستەۋاتقان چاغلاردا نەۋرۇز بىدارلىق بىلەن تۈننى تاڭغا ئۇلايتتى. ئۇنىڭغا جاھازلاردىكى توم - توم كىتابلار ھەمراھ بولغانلىقنىڭ سىرتىدا، ئۆتمۈشكە ئايلانغان ھېكايەتلەر، ھېكايەتلەردىكى گۈزەل مەھبۇبلار ھەمراھ ئىدى. ئۇ گاھ خوتەننىڭ ئاھۇ كۆزلۈك زىبالىرى بىلەن مۇڭداش بولسا، گاھ قەشقەرنىڭ ئانار يۈزلۈكلىرى بىلەن دىلكەش بولاتتى. گاھ رۇمنىڭ رەنالىرى بىلەن ھەمسۆھبەت بولۇپ، شۇ يۇرتنىڭ ساپ ھاۋاسىدىن ھۇزۇرلانسا، گاھ خىيال كەپتەرلىرى ئالەم سەبىسىنى سەيلانە قىلاتتى. ئۇنىڭ گۈزەل ئارزۇ - ئارمانلىرى ۋۇجۇد تەختىدە غەلىيان كۆتۈرۈپ، نېمە قىلارىنى بىلمەي قالاتتى. شاھزادىنىڭ ھۆسن - پەزىلىتى بىلەن دىمىغى نەملەنگەن بولۇپ، مېڭىسىنى چۇلغىۋاتقان تۈرلۈك خىياللار

ئۇنىڭ يىگىتلىك غەيرىتىگە قوشۇلۇپ، ئۇنى مەست قىلغانىدى. ئۇ ھەمىشە دەردمەنلەرچە ناخشا ئېيتىدىغان بولۇپ قالدى. ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ ھالەتكە چۈشۈپ قېلىشىغا نېمىنىڭ سەۋەب بولغانلىقىنىمۇ بىلمەيتتى. ئۇ كۆڭۈل غەشلىكىنى يوقىتىپ، ھالىتىنى تۇراقلاشتۇرۇش ئۈچۈن پات - پات شاراب بىلەن كەيپىنى تەڭشەشكە ئادەتلەنگەنىدى.

شاھزادە نەۋرۇز بىر كۈنى كەيپلىكتە ئۇزۇن ئۇخلىمىدى. ئۇ چۈشىدە گۈزەل بىر پەرىزاتنى كۆردى. پەرىزات ھۆسن - جامالدا نەۋرۇزدىن نەچچە ھەسسە ئارتۇق بولۇپ، گۈل ياپرىقىدەك نازىغىپ تۇرىدىغان چاچلىرى سەرۋى دەرىخىدەك نازۇك بەدىنىدە بوي تالىشىپ تۇراتتى. نازۇك لېۋى كۆڭۈلنى مەپتۇن قىلاتتى. قاش - كۆزىنىڭ ھەربىر بېقىشىدا ناز قىلىشى قەلب ئۆيىدە غوۋغا قوزغايتتى. ئايدەك يۈزىدىن نۇر تېمىپ تۇراتتى. ئۇ نازۇك قولىدىكى ھېيقىقتەك سۈزۈك جامدا كۆز يېشىدەك لىغىرلاپ تۇرغان مەينى شاھزادىنىڭ دىل ھۇزۇرىغا سۇنۇپ تۇراتتى. شاھزادە پەرىنىڭ قولىدىكى قەدەھنى ئىززەت بىلەن ئېلىپ ھايا بىلەن سۇمۇردى - دە، شۇ ھامان ۋۇجۇدىنىڭ لاپپىدە ئوت ئالغانلىقىنى سەزدى ۋە پەرىنىڭ ئالدىغا تىزلىنىپ سورىدى:

— سەن پەرىمۇ ياكى ئىنسانمۇ، — ئەي، ئاي يۈزلۈك پەرىزات، ئەگەر سەن ئىنسان بولساڭ نېمە ئۈچۈن سېنى ئىنسانلار ئارىسىدا كۆرمەيمەن، نېمە ئۈچۈن ئىنسانلاردىن يىراق تۇرىسەن؟ سەن نەدە ئۆسۈپ چوڭ بولغان، سەن بۇ يەرگە نەدىن پەيدا بولدۇڭ، ئەگەر مەن سېنى ئىزدىمەكچى بولسام نەدىن تاپىمەن، كىمدىن سورايمەن، پەرى بولساڭ جەننەتۇل رىزۋاننىڭ ئىشىكىدىكى پەرىمۇ يا سەن؟

قىز نەۋرۇزغا تەبەسسۇم بىلەن قىيا باقتى ۋە: «ئەي ئۆز - ئۆزىدىن مەغرۇرلانغۇچى، مەن ئاخىر زامان ئۈچۈن كىشىلەرنىڭ دىلىدا پىتنە قوزغىغۇچى بولىمەن. ھۆسن - جامالدا تەڭداشسىز بەختلىكمەن، كۆزۈمنىڭ ئويناقلىقىدىن ئەھلى جاھاننىڭ قەلبى غۇلغۇلىغا تولغان. سۇمبۇل چاچلىرىم ئىشق - مۇھەببەت ئەھلىنىڭ كۆڭلىنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلىدۇ. لېۋىمدىكى مەڭ مۇھەببەت ئەھلىنىڭ قەلب ئۆيىگە ئوت ياققۇچى بولۇپ، يۈز مىڭ كۆڭۈل ئۆيىنى گۈلخانغا ئايلاندۇرىدۇ. سەرۋىدەك قەددىمدىن ھېچ كىشى بىرەر نەپكە ئېرىشەلىگەن ئەمەس. شۇڭا، كىشىلەر مېنى پەرىدەك كۆرمەيدۇ. مېنىڭ ئىسمىم گۈل بولۇپ، فەرخار ئېلىدىن بولىمەن» دېدى - دە، شاھزادىنىڭ قولىدىكى جامنى ئالدى. شۇ ھامان نەۋرۇز

چۆچۇپ ئويغىنىپ كەتتى. ئۇنىڭ يۈرىكى ئاغزىغا كەپلىشىپ قالغاندەك بولۇپ، قېنى قىزىغان، تىنىقى تېز ئىدى.
— ئاھ، مەن چۈشۈمدە پەرىنى كۆردۈممۇ، ئىنسانىنىمۇ؟ نېمىدېگەن گۈزەل، نېمىدېگەن شېرىن سۆز ئۇ؟ — شاھزادە شۇلارنى ئېيتىپ، مەيدىسىگە مۇشتلاپ ئاھ ئۇرۇپ ھەسرەتلىنىشكە باشلىدى. ئۇ بىردەم يەرگە ئۆزىنى ئېتىپ بېلىق قىزىق قۇمدا پىلتىڭشىغاندەك، دومىلاپ ھەسرەتلەنسە، گاھ ئورنىدىن تۇرۇپ، مەيدىسىگە مۇشتلاپ، قايان بارارىنى بىلمەي ھەريان قاترايتتى. شاھزادە ھاياتىغا يۈزلەنگەن بۇ كۈلپەتلىك ھادىسىدىن سەۋر ـ تاقىتى قالمىدى. ئۇ ئۆزىچە: «ئەقلىمدىن ئېزىپ قالمىسام بولاتتى. ئەقىل تىزگىنى قولۇمدىن چىقىپ كەتمىسە بولاتتى. مەن نى كويلارغا چۈشۈپ قالغاندىمەن؟ كىشىلەر مېنى ئەقلىدىن ئېزىپتۇ، دەپ قالمىسۇن، تەقدىر دۈچ كەلتۈرگەن بۇ قىسمەتلەرگە سەۋر قىلىش بىلەن ئۇنىڭ ئىلاجىنى قىلىشىم لازىم» دەپ ئۆزىگە تەسەللى بېرەتتى. ئۆزى قىزىقمىغان بولسىمۇ، بىرەر ئىش بىلەن مەشغۇل بولۇپ، ۋاقىتنى ئۆتكۈزۈپ شىكەستىلەنگەن كۆڭلىگە مەلھەم ئىزدەيتتى. گۈلزارنى ئارىلاپ «گۈل» نىڭ ۋەسلى ـ دىدارىنى ئاق لالىگە ئوخشاتسا، گاھ سەرۋ دەرىخىنى

ئۇنىڭ قەددىگە ئوخشىتاتتى. گاھ سەمەن گۈلىنى «گۈل» نىڭ قان تېمىپ تۇرىدىغان يۈزىگە ئوخشاتسا، گاھ باشقا گۈللەرنى كۆرگەندە، ئىچىدىكى دەرد ـ ئەلەمنى بىر يولىلا تۆككەندەك قىلاتتى. ھەر كۈنى ساراي ـ دەڭلەرگە بېرىپ، يېزا ـ شەھەرلەردىن كەلگەن سودىگەرلەر بىلەن ھال مۇڭدىشاتتى.

شاھزادە بىركۈنى توپ كارۋانلار بىلەن ھەمسۆھبەت بولدى. كارۋانلار شاھزادىنىڭ ئۆزى بىلەن ھەمسۆھبەت بولغانلىقىدىن مەمنۇن بولۇپ، ئۇنىڭغا كۆپ ئىززەت ـ تەۋەززۇلارنى كۆرسەتتى. ئۇنىڭ ئۇچۇن قۇتلۇق دۇئالىرىنى ئايىمىدى. بۇ شەھەردە يوق جاۋاھىراتلاردىن ئىنئام قىلدى. شاھزادىمۇ ئۆزىنى كەمتەر تۇتۇپ ئۇلار بىلەن قىزغىن سۆھبەتلەشتى. ئۇلارنىڭ تۇغۇلغان يۇرتى ھەققىدە بى مەقسەت سوئال سوراپ ھال ـ مۇڭداشتى.

شاھزادە سودىگەرلەر بىلەن ھال مۇڭدىشىۋېتىپ تۇساتتىن يېڭىلا دەرۋازىدىن كىرگەن ياش بىر سودىگەرگە كۆزى چۈشتى ـ دە، ئۇنىڭ بىلەن ئەسرالاشتى ۋە سورىدى:

— ئەي دوستۇم، نەدىن كېلىشىڭ؟

— ئەي مەرھەمەتلىك شاھزادەم، — دېدى ھېلىقى سودىگەر شاھزادىگە تەزىم بەجا كەلتۈرۈپ تۇرۇپ، — مەن فەرخار دېگەن

شەھەردىن بولىمەن، ھازىر شۇ شەھەردىن كېلىشىم. بۇ شەھەر توغرۇلۇق بىلمەكچى بولسىڭىز، مەن ئاڭلىغانلىرىمنى سۆزلەپ بېرەي، سىز ئۇچۇن ئىككى قولۇم كۆكسۈمدە. مېنى ئۇ شەھەردە كىشىلەر بۇلبۇل دەپ ئاتايدۇ. ئۆزۈم نۇرغۇن ئىشلار قولۇمدىن كېلىدىغان، ساماۋى كىتابلاردىن خەۋىرىم بار، يېشىلمىگەن سىرلارغا تەدبىرىم بار، شېرىن ۋە راست سۆزلۈكۈم بىلەن ئەل كۆڭلىنى شادىمان قىلالايدىغان ئادەممەن، ـــ دېدى.

«فەرخار» دېگەن سۆزنى ئاڭلاپلا شاھزادە ھوشىنى يوقاتقاندەك بولدى ـ دە، ئورنىدىن دەس تۇرۇپلا بۇلبۇلغا گىرە سېلىپ، ئۇنى ھۆرمەت بىلەن سۆيدى. ئۇنىڭ بىلەن خېلى ئۇزۇن سىرداشقاندىن كېيىن، ئۇنى ئوردىغا باشلاپ كېلىپ، شاھانە تائاملاردىن غىزالاندۇرغاچ، فەرخار ئېلىدا گۈل ئاتلىق قىزنىڭ بار ـ يوقلۇقىنى سورىدى.

ـــ بولمامدىغان، بار! ئېلىمىزگە شاھى مۇشكىن ئاتلىق بىرى باشچىلىق قىلىدۇ. ئۇ جەمشىد ئۇرۇقىدىن بولۇپ، ئادىل ـ ئادالەتتە پادىشاھ فەرىدۇندىن ئارتۇق، زامانىمىز زېمىنىدا تەڭدىشى يوق، ئادالەتلىك شاھىمىزدۇر. لېكىن، شاھىمىز ئادالەتتە تەڭداشسىز، مېھىر ـ مۇھەببەتتە چەكسىز كىشى بولسىمۇ، گۈل ئاتلىق بىرلا قىزى بار. ئۇ قىز ئىنساندىن

پىنھان بولۇپ، ئۇنىڭ جامالىنى كۆرۈش ئادەتتىكى ئادەمگە نېسىپ بولمايدۇ. ئۇنىڭ ھۆسن ـ جامالى ھۇنەر ـ كەسىپتىكى كامالىتىنى تەرىپلەپ بولغىلى بولمايدۇ. ئۇزايدىن قۇياش خىرە، نۇرلۇق يۈزىدىن ئاي خىجالەتتە قالىدۇ. ھەرقانداق ئادەم ئۇنى كۆرسە ئەقىل تىزگىنى ئىختىيارىدىن چىقىپ كېتىدۇ، — دېدى.

شاھزادە شۇ ھامان چۈشىدە كۆرگەنلىرىنىڭ راست ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈردى ۋە بۇلبۇلغا كۆڭلىدىكى گېپىنى قويماي ئېيتىشقا باشلىدى:

— دوستۇم بۇلبۇل، بېشىمغا كەلگەن قىسمەتلەر ۋۇجۇدۇمنى ئۆرتەپ، نېمە قىلارىمنى بىلەلمەي تۇرغىنىمدا ئۇلۇغ تەبىئەت ئىككىمىزنى بىر ـ بىرىمىز بىلەن ئۇچراشتۇردى. بىراۋنىڭ دۇنياغا ھۆكمى يۈرگەن تەقدىردىمۇ، لەۋھۇلمەھپۇزدا يېزىلغىنى ئۆزگەرتىشكە قادىر ئەمەس. مەن تەقدىرىم ئالدىدىكى ئاجىزلىقىمنى ھېس قىلىۋاتىمەن. كۆڭلى ـ كۆكسى ئەقىل نۇرى بىلەن روشەنلەشكەن ھەربىر كىشى مېنىڭ بۇ ھالىمنى كۆرۈپ مېنى كەچۈرمىكى لازىم، دەپ ئويلايمەن. لېكىن، شۇنداقتىمۇ ھەرقانداق بىر قىيىنچىلىقنى يېڭىشنىڭ تەدبىرى بولغانلىقى ئۈچۈن، مەن سېنىڭ تەقدىرىم ئالدىدىكى

تەدبىرىڭگە موھتاج بولۇپ تۇرۇۋاتىمەن.

— ئەي پەلەكنىڭ سالغاتىپشى قەلبىنى چاك قىلغان شاھزادە، مەن خىزمىتىڭگە تەييار. سەن بۇنچىۋالا دەرد - ئەلەمگە گىرىپتار بولۇپ، تەنلىرىڭ ئارامسىزلىنىۋاتقان تۇرسا، ماڭا بۇ يەردە ئولتۇرۇشنىڭ نېمە ھاجىتى بار؟ جېنىم تېنىمدە بولىدىكەن، سېنىڭ مۇشكۇللىرىڭ ئۈچۈن جېنىمنى تەسەددۇق قىلىشقا تەييارمەن. مەن بۇگۈنلا يولغا چىقاي، قولۇمدىن كېلىدىغان بارلىق تەدبىرلىرىمنى ئىشقا سالاي، ئەگەر ئۇ مەلىكە سېنىڭ ئەھۋالىڭدىن خەۋەر تېپىپ كۆڭۈل قەسرى سېنىڭ مۇھەببەت شامىڭنىڭ ئىللىق نۇرى بىلەن يورۇپ قالسا، يۇسۇف بىلەن زۇلەيخا بىر بولغاندەك خاسىيەتلىك ئىش بولغان بولىدۇ.

شاھزادە بۇلبۇلنىڭ سېھرىي سۆزلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن دەرھال بۇلبۇلنىڭ قولىغا سۆيدى ۋە:

— ئەي كۆڭلۈم ئۆيىنىڭ شام - چىرىغى، ۋاپادار دوستۇم، سەن دەرھال يولغا چىققىن. مېنىڭ بۇ ھالىمنى ئۇنىڭغا ئېيتىپ دەرد - ئەھۋالىمدىن خەۋەردار قىلغىن، — دەپ ئۆتۈندى.

بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغان بۇلبۇل پەرخار ئېلىگە قاراپ يولغا

چىقتى. فەرخار ئېلى گويا جەننەتتىن ئەنداز ئالغاندەك ناھايىتى گۈزەل بىر ۋەتەن بولۇپ، ھاۋاسى ساپ، سۇلۇق، ھەممە يېرى گۈزەل دەرەخلەر بىلەن بۈككىدە قاپلانغان، رەڭگارەڭ گۈللەردىن ھەمىشە گۈپۈلدەپ ئەتىر پۇرىقى دىماغقا ئۇرۇلۇپ تۇرىدىغان بەكمۇ گۈزەل بىر شەھەر ئىدى.

نەزم:

*بولۇپ فەرخار جەننەتدىن نەمۇدار،*
*بىھىشتى ئەدەنتەك شەھىر گۈلزا.*
*ھەۋا ئەيسادەمدەك روھپەرۋەر،①*
*يەغاچلار② تۇبى ـ يۇ، ئاقار سۇ كەۋسەر.*
*چەمەنلەر ئىچرە قۇشلارنىڭ سەفرى،③*
*يەغاچلارئۇچۇ گۈللەرنىڭ سەرىرى.④*

بۇلبۇل دېگەن مۇددەت، ياخشى سائەتتە فەرخار ئېلىگە يېتىپ كەلدى ـ دە، گۈلنىڭ قەسرى ئەتراپىدا شاھزادە

① بۇ مىسرانىڭ شەرھى: ھاۋاسى ئەيسا پەيغەمبەرنىڭ نەپىسرىدەك ھاياتبەخش ئىدى.
② يەغاچلار: دەرەخلەر، تۇبا ياكى ـ جەننەت ئىشىكىدىكى تۇبا دەرىخى.
③ سەفرى: يېقىملىق ئاۋاز.
④ سەرىر ـــ تەخت.

نەۋروزنىڭ گۈل ئىشقىدا ئېيتقان غەزەللىرىنى خوش ئاھاڭدا ئېيتىشقا باشلىدى. بۇ ناخشىنى ئاڭلىغان ئادەمنىڭ كۆڭلى بۇزۇلۇپ، باغرى قانغا تولۇپ، ناخشىغا جور بولغۇسى كېلەتتى.

كاتتا بېزەلگەن شاھانە چىمىلدىق ئىچىدە ھۇزۇرلىنىپ ئۇخلاۋاتقان گۈل، سەھەر ئەسكەن سوغۇق شامالنىڭ ئوچۇق دېرىزىنىڭ پەردىلىرىنى قايرىپ كۆكسىنى سۆيۈپ ئۆتۈشى بىلەن ئويغىنىپ كەتتى.

باغۇ ئېرەم تەرەپتىن ئەسكەن ھاۋا بۇلبۇلنىڭ يېقىملىق ئاۋازدا ئېيتقان ئىشق پىراق ناخشىسىنى شاھانەخانىسىغا ئېلىپ كىرەتتى. بۇلبۇل ناخشىسىدا نەۋروزنىڭ سۈپەتلىرىنى قىلىپ، گۈلنىڭ ئىشقىدا بىتاقەت بولغانلىقىدىن خەۋەر بېرەتتى. يۈرەكنىڭ نازۇك بېغىشلىرىدىن ئۆتۈپ، تەننى تىترىتىدىغان، ئەلەمدىن ھەسرەتلىنىپ ۋۇجۇدتىن يالقۇن چىقىرىدىغان بۇنداق ناخشا گۈلنىڭ نازۇك بەدىنىنى ياپراقتەك تىترەتمەي قويمىدى. ئۇ ئۆزى ئۇچۇن ئازاب چېكىۋاتقان يىگىتنىڭ دەرد ـ ئەلەملىرىنى چۈشەندى. ئۆز دىدارىدىن نەسۋە بېرىپ ئازابلانغان كۆڭلى ۋە شىكەستىلەنگەن قەلبىگە مەلھەم بولۇشنى ئويلىدى. مۇشۇنداق قىلسام بىراۋنى ئازابتىن قۇتقۇزۇپ، ئىنسانىيلىق بۇرچۇمنى ئادا قىلغان بولىمەن، دەپ ئويلىدى ـ دە، كۆڭۈل بېغىنى شاھزادە نەۋروزنىڭ ھەسرەت ياشلىرى بىلەن سۇغىرىشنى مۇۋاپىق كۆردى.

مەلىكە گۈلنىڭ سەۋسەن ئاتلىق بىر ئىنىكئانىسى بار ئىدى. ئۇنىڭ گەپ - سۆزلىرى گويا خەنجەر، گويا يىڭنە ئىدى. كەشمىرلىك بولۇپ، شۇ ئەلدە ھىيلە - نەيرەڭدىن ساۋاق ئېلىپ ۋۇجۇدى باشتىن - ئاياغ ھىيلە - مىكىر بىلەن تولغان، گويا ئىبلىسنى شاگىرتلىققا ئالغانىدى.

ئۇ گۈلنىڭ نەۋرۇز ئىشقىدا باغرى قانغا تولۇپ، كۆزىدىن بۇلدۇقلاپ ياش تۆكۈلۈۋاتقانلىقىنى كۆردى ۋە ئۇشتۇمتۇت يۈز بەرگەن بۇ ھادىسىدىن ھەيران قالغان ھالدا بۇ ئىشنىڭ سەۋەبىنى سورىدى.

— مېھرىبان ئانا، مۇشۇ كۈنلەردە مېنىڭ ۋۇجۇد تەختىمگە قانداق بىر ئوتنىڭ تۇتاشقانلىقىنى بىلمەيمەن. يوشۇرۇن بىر ئوت جېنىمنى، ياق يۈرىكىمنى كۆيدۈرۈپ ماڭا زادىلا ئاراملىق بەرمەيۋاتىدۇ. مەن نېمە ئىش بىلەن مەشغۇل بولۇشۇمنى زادىلا بىلمەيۋاتىمەن، — دېدى گۈل ۋە دېرىزىدىن باغ تەرەپكە قارىدى. باغدا بۇلبۇل بىر دەستە ئەتىرگۈلنى تۇتۇپ گۈل تەرەپكە قاراپ تۇراتتى. گۈلدىن تارىغان ئەتىر پۇرىقى، شاھزادە نەۋرۇزنىڭ دەرد - پىراقلىرىنى ئېلىپ دېرىزىدىن دىماغقا ئۇرۇلاتتى. سەۋسەن دەرھال باغقا كىردى - دە، بۇلبۇلدىن بۇ يەردە تۇرۇشنىڭ سەۋەبىنى سورىدى.

— ئەي گېپىنىڭ مەنىسى يوق ۋالاقتەگكۇر، ئادەمگە ئارامىلىق بەرمەي بۇ يەردە نېمە ئىش قىلىسەن، سەن ئېيتقان

داستانىڭدىكى نەۋروز دېگىنىڭ كىم ئۇ، ئۇ جاھاننى يورۇتىدىغان قۇياش دېدىڭ، ئۇ زادى كىم، بۇنداق ھەسرەتكە تولغان ناخشىنى كىچە ـ كۈندۈز بۇ شاھانە قەسىردە تۇۋلاپ يۈرۈشۈڭنىڭ سەۋەبى نېمە، بۇنداق نالە قىلىشىڭنىڭ مەقسىتى زادى نېمە؟ ماڭا بىرىنىمۇ قويماي ھەممىنى دېگىنە!

بۇلبۇل بىر ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىۋالدى ـ دە، شاھزادە نەۋروزنىڭ سۈپەتلىرىنى، مەلىكە گۈلنىڭ ئىشقىدا ۋۇجۇدى ئازابلىنىپ چىرايى كۈندىن ـ كۈنگە سارغىيىپ كېتىۋاتقانلىقىنى، مۇشۇ باغدا نەۋروزنىڭ ھالىدىن گۈلنى خەۋەردار قىلىش مۇددىئاسىنى بىر ـ بىرلەپ سۆزلەپ بەردى.

شاھزادە نەۋروزنىڭ سۈپەتلىرىنى ۋە گۈلنى چۈشىدە كۆرۈپ غايىۋانە ئاشىق ـ بىقارار بولغاندىكى ھالىتىنى بۇلبۇلدىن ئاڭلىغان سەۋسەن ئاڭلىغانلىرىنى بىر ـ بىرلەپ گۈلگە سۆزلەپ بەردى ۋە:

ـــ ئەي گۈزەل مەلىكەم، سەن ئاتا ـ ئاناڭدىن ئەيمىنىگىن، بىزلەرنى نومۇستىن ئۆلتۈرمىگىن، ئۆزۈڭ قانچىكى سالامەت بولساڭ، مۇھەببەتنىڭ ئوتى شۇنچە ئۇلغىيىدۇ. ۋۇجۇدۇڭ شۇنچە ئۆرتىنىدۇ. بۇ ئوتقا گىرىپتار بولغان ئادەم ئۆزىنى قانچە تۇتۇۋالغانسېرى ئازاب شۇنچە كۈچىيىدۇ. بۇ يولدا ئۆلۈمنى ئويلاپمۇ قويمايدۇ. ئېتىنى تىخ بىلەن كەسمۇ نېمە قىلىۋاتقانلىقىنى زادىلا بىلمەس بولۇپ كېتىدۇ. سەن بۇنداق

بولىۋەرسەڭ پات ئارىدا ئۆزۈڭنى ئىختىيارىڭدىن چىقىرىپ قويىسەن، ئۇ هالدا خەلق ئالدىدىكى ئىناۋىتىڭنى ئويلىمىدىڭمۇ؟ سەن بۇ ئىشقتىن ۋاز كەچكىن، — دېدى.

— ئەي ئانا، مېنى يىغلىغىلى قوي، جاراھەتلەنگەن قەلبىمگە تۇز سەپمە، سەن مەن ئۈچۈن نېمىلەرنى قىلدىڭ، نېمىلەرنى كۆرمىدىڭ، سەن مېنىڭ پۈتمەي قالغان ئىشلىرىمنى پۈتكۈزدۈڭ، سەن مەن ئۈچۈن يەنە بىر قېتىم خىزمەت كەمىرىنى بېلىڭگە باغلىغىن، مېنىڭ ئەھۋالىمنى ئاتا - ئانامغا چۈشەندۈرگىن، ئۇلار مېنىڭ ئەھۋالىمدىن خەۋەردار بولسۇن، — دېدى گۈل.

سەۋسەن گۈلنىڭ پەرشان هالىتىنى كۆرۈپ ئۇنىڭغا قىلغان نەسىھەتلىرىگە پۇشايمان قىلدى. گۈل بۇلبۇلدىن ھەمىشە نەۋرۇزنىڭ ئەھۋالىنى سورايتتى. بۇلبۇل قاچان گۈلنى چۈشىدە كۆردى، شۇندىن باشلاپ ئەلدىن ئۆزىنى قاچۇرغانلىقىنى باشتىن - ئاياغ بىرىنىمۇ قويىماي سۆزلەپ بەردى. بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغانسېرى گۈلنىڭ ئىشق - پىراقى ھەسسىلەپ ئاشاتتى. ۋۇجۇدى ئوتتەك قىزىرىپ ئارامسىزلىناتتى. بۇلبۇلنى يوشۇرۇنچە خالىسا چاقىرىپ كۈنلەپ - كۈنلەپ شاھزادە نەۋرۇز توغرىسىدا سۆھبەتلىشەتتى، كىمنى كۆرسە دەيدىغىنى «نەۋرۇز، نەۋرۇز» بولۇپ، تىلى بۇ سۆزلەرنى زىكىر قىلىشنى دەقىقىمۇ توختاتمىغانىدى. گۈل بۇ دەردكە گىرىپتار بولغانسېرى

كۆڭلىدىن سەۋر قېچىپ مەنزىلىگە يېتەلمەي نائىلاج قىلىنۋاتقانلىقىنى ھېس قىلاتتى.

ئەمدى گەپنى شاھزادە نەۋرۇزدىن ئاڭلايمىز.

شاھزادە نەۋرۇز بۇلبۇلنى فەرخار ئېلىگە — گۈلنىڭ يېنىغا يولغا سالغاندىن كېيىن، ھەممىشە يۈرىكىدىن ئوتلۇق ئاھ ئۆكسىمەيدىغان بولۇپ قالدى. كۆزىدىن ئۇيقۇ قېچىپ، نە سۆز، نە ناخشا - مۇزىكا خۇشىياقمايدىغان بولۇپ قالدى. ئويۇن - چاقچاقتىن ئۆزىنى تارتىپ، يېمەكى غەم، ئىچمىكى قان بولدى. پىكىر - خىيالى گۈل بىلەن دىدارلىشىش بولۇپ، كۆڭلى تەسكىن تاپقۇدەك ھېچ نەرسە يوق ئىدى. شاھزادىنىڭ ئاتىسى فەرۇھ ئوغلىنىڭ بۇ ئىشلىرىدىن خەۋەردار بولغاندىن كېيىن ئوغلى ئۈچۈن كۆپ قايغۇردى. ئوغلىنى بۇ نىيىتىدىن ياندۇرماقچى بولۇپ تۈرلۈك تەدبىرلەرنى ئويلاپ ئىشقا سالغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ تەدبىرنىڭ ھېچقايسىسى ئۇنىڭ بۇ نىيىتى ئۈچۈن كۈچىنى كۆرستەلمىدى. ئوغلىنىڭ كۈندىن - كۈنگە ئاجىزلاپ، چىرايىنىڭ سارغىيىپ ھالىدىن كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن پادشاھ، ئوغلىنىڭ بۇزرۇكى ۋە ئاتا - ئانىلىرى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ ئاخىر ئوغلى نەۋرۇزنى فەرخار ئېلىگە يولغا سالماقچى بولدى ۋە نۇرغۇن سوۋغا - سالام، مال - مۈلۈك، يېمەك - ئىچمەك تەييارلاپ، ئۇنىڭ بىلەن بەھمەن ئاتلىق بىر بەگنى قوشۇپ قويدى. پاشاھ بەھمەنگە نۇرغۇن ئىشلارنى

تاپىلاپ، ئىلاج بار نەۋرۇزنى تۇرلۇك يوللار بىلەن سەپەردىن قايتۇرۇپ ئەكىلىشنىڭ تەدبىرىنى تۈزۈشنى جىكىلىدى ۋە داغدۇغا بىلەن ئوغلىنى ئۇزىتىپ قويدى.

سەپەر ئۇزۇن، يول ھاردۇقى يەتكەنسېرى بەھمەن بەگ شاھنىڭ ئۆزىگە قىلغان سۆزلىرىنى ئېسىگە ئېلىپ، شاھزادىنى سەپەردىن قايتۇرۇشنىڭ كويىغا چۈشتى ۋە:

— بۇنداق كۆپ دەپنە ـ دۇنيا بىلەن سەپەر قىلىپ ھەم سەپەرداشلارنى، ھەم خەلقنى زۇلۇمغا سالىسىز، پۈتكۈل ئەل سىزنىڭ غېمىڭىزدە قالدى. ئۇلار شاھزادىمىز قاندان قىلىپ فەرخار ئېلىگە يېتىپ بارار، يولدا بىرەر زەخمەتكە مۇلاقەت بولۇپ قالارمۇ، نەۋېشاد ئېلى پەرىلەرنىڭ ماكانى، سەنەملەر مەملىكىتى، لاتاپەت شەھىرى، نازۇكلار يۇرتى تۇرسا، شاھزادىلەر شۇنچە گۈزەللەر ئىچىدىن يارىغۇدەك بىرەر نازىنىن چىقمىغانىمدۇر؟ دەپ ھەسرەتلىنىشى مۇمكىن، سىز قىلچە ئەھمىيىتى بولمىغان بۇ مەنىسىز يۇرۇشنى تەرك ئېتىڭ، — دېدى.

نەۋرۇز بەھمەن بەگنىڭ بۇ گەپلىرىنى ئاڭلاپ ناھايىتى ئاچچىقلاندى ۋە ئۇنىڭغا تەئەددى قىلىپ مۇنداق دېدى:

— سەن ئەقلىڭدىن ئېزىپسەن، سېنىڭ ساقلىڭ ئاقارغان بىلەن قەلبىڭ ئاقارماپتۇ، سەن ياشتا چوڭ بولغانسېرى ئەقلىڭ زىيادە بولماي، بەلكى جاھىللىقىڭ زىيادىلىشىپ

كېتىپتۇ، سەن مېنى بۇ يەردىن قايتۇرمەن دەپ خام خىيال قىلما، ئاتام سېنى ماڭا خىزمەتچى قىلىپ بەرگەنىكەن، سەن مەن نەگە بارسام بىللە بېرىشىڭ، بۇيرۇغان ئىشىمنى بەجانىدىللىق بىلەن ئورۇندىيالىشىڭ شەرت. ئەگەر مەن سەندىن يەنە مۇشۇ مەنىدە گەپ ئاڭلايدىغان بولسام، تېنىڭ ئامان قالمايدۇ، سەن ئۆزۈڭنىڭ خىزمىتىدە بەجانىدىل ئىشلەشنى بىل! — دېدى.

نەزم:

ئەگەر سەندىن يەنە بىر ئىش تىيەيىن،
ئۆز ئىلكىم بىرلە ئورتاڭدىن چاپايىن.
قوپ ئەمدى ئايتماگىل فوزۇللۇق،
ياراشۇر بەگىكە بەگلىك قۇلىغا قۇللۇق.

شاھزادىدىن بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغان بەھمەن بەگ ئۆزىنىڭ شاھزادىغا قىلغان گەپلىرىدىن كۆپ پۇشايمان قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ كۆڭۈل زېمىنىدا شۇ ھامان بىر شۇملۇقنىڭ ئۇرۇقى بىخ يېرىپ چىقتى.

شاھزادە ئۇلپەتداشلىرى بىلەن كەچقۇرۇنلۇقى كاتتا بىر سورۇن ھازىرلىدى. ئۇلار بەزمىدە ناخشىچىنىڭ ناخشىسىدىن كۆڭۈل ئازادىلىك ھېس قىلىشىپ تاڭ ئاتقۇچە مەي ئىچىشتى،

مەينىڭ كەيپىدە مەست ـ مۇستەغرەق بولۇپ، تاڭ ئاتقانلىقىنىمۇ ئۇنتۇشتى. پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلگەن بەھمەن بەگ ئۆز يىقىنلىرىنى يىغىپ سەپەر تەييارلىقلىرىنى قىچىرلارغا ئارتىپ شاھزادىنى يالغۇز قالدۇرۇپ ئارقىغا قايتىشتى.

ئەتىسى نەۋرۇز ئۇيقۇدىن ئويغاندى. گويا يۇنۇس ئەلەيھىسسالام بېلىق قارنىدىن چىققاندەك بولدى. ئۇ ئەتراپىغا قاراپ بەھمەن بەگنىڭ قىلغانلىرىنى بىلدى. كۆڭلى بىر ئاز ئىزتىراپقا چۈشۈپ، قاتتىق خاپا بولغان بولسىمۇ، لېكىن كۆڭلىدە: «دۈشمەن دېگەن ھامان دۈشمەنلىكىنى قىلماي قالمايدۇ. بۇ تەقدىر ـ قىسمەتنىڭ يازمىسى ئوخشايدۇ، ئادەم ئىشققا گىرىپتار بولسا، دېمەك ئۇنىڭغا جاپا دەشتىنى توغرىلايدۇ. ئىشققا گىرىپتار بولغان ئادەم ھەرقانداق بالاغا سەۋر قىلىشنى كەسىپ قىلىشى، ئاشىقى ئۈچۈن ئورنىغا قان يۇتۇشى، ئاشىقى ئۈچۈن جېنىنى سەدىقە قىلىشتىن باش تارتمىقى لازىم. بەھمەننىڭ مېنى تاشلاپ سەپەر جابدۇقلىرىنى ئېلىپ قېچىپ كېتىشى مەن ئۈچۈن بەرىبىر» دەپ ئويلىدى ھەمدە تۇنۇگۇن ئۆزى بىلەن ھەمداستىخان بولۇپ مەستلىكتە ئۇخلاپ قالغان بۇرادەرلىرىنى يىغىپ دېدى:

ــ بەھمەن قىلغۇلۇقنى قىلىپ، بارلىق سەپەر تەييارلىقلىرىنى ئېلىپ قېچىپ كېتىپتۇ. بىزدە نە پۇل، نە ئات ـ

ئۇلاغ، ھېچنېمە يوق بولدى. مەن سىلەرنى كۆپ جاپاغا سېلىپ قويدۇم، ئۇنىڭ ئۈچۈن سىلەردىن كەچۈرۈم سورايمەن، سىلەر بۇگۈندىن تارتىپ ئۆز يولۇڭلارغا ماڭساڭلار بولىدۇ.

— شاھزادەم، ئۇنداق گەپنى ئېغىزغا ئالغۇچى بولمىسىلا، — دېيىشتى سەپەرداشلىرى، — بىزنىڭ جېنىمىز تېنىمىزدە بولىدىكەن، بىزنىڭ ئىختىيارلىقىمىز سىلىنىڭ قولىدا، سىلىنى مەقسەتلىرىگە يەتكۈزۈش ئۈچۈن بىز داۋاملىق قوللۇق قىلىشقا تەييارمىز. بىز سىلىگە يارىمىساق كىمگە يارايمىز. بىز سىلىنىڭ شاپائەتلىرى بىلەن خۇشال بولدۇق، ئەمدى سىلىنىڭ باشلىرىغا كۈن چۈشكەندە سىلىنى تاشلاپ قېچىپ كەتسەك راۋا بولامدۇ؟

شاھزادە ئۇلارنىڭ بۇ ئىرادىسىدىن تەسىرلەندى. ئۇستىدىكى شاھانە لىباسلارنى تاشلاپ دەرۋىشلەرچە كىيىنىپ تەۋەككۇل دەرياسىغا كېمىسىنى سالدى. ئۇلار يول يۈرۈپ، يۈرگەندىمۇ مول يۈرۈپ، ئاخىر فەرخار ئېلىگە يېتىپ كەلدى. كوچىلاردا دەرۋىش سۈپەت يۈرۈپ بۇلبۇلنىڭ تۇرار جايىنى سۈرۈشتۈرۈپ بىلدى. ئۆز دوستى شاھزادە نەۋرۇزنى بۇ سۈپەتتە كۆرگەن بۇلبۇل كۆزىگە ئىشەنمەي قالدى ۋە بىردەمدىن كېيىن ئېسىنى يىغىپ ئۇنىڭ قولىنى مەھكەم تۇتقىنىچە ئايىغىغا تىزلاندى ۋە سورىدى:

— ئەي شاھزادەم، بېشىڭغا نېمە قىسمەتلەر چۈشتى، سەن

بىلەن بىرگە سەپەرگە ئاتلانغانلار قېنى، مال ـ مۈلۈك، سەپەر جابدۇقلار قېنى؟ سېنى بۇ ھالغا كەلتۈرگەن زادى كىم؟

شاھزادە ئۆزى دۇچ كەلگەن قىسمەتلەرنى بىر ـ بىرلەپ بۇلبۇلغا بايان قىلىپ بەردى، بەھەمەنىنىڭ قىلغانلىرىدىن قىلچە ئاغرىنمايدىغانلىقىنى، بەلكى ئۆزى دۇچ كەلگەن بۇ قىسمەتلەرنى ئۆز سۆيگىنى يولىدىكى ئامەت دەپ بىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئاخىرىدا بۇلبۇلنىڭ گۈل بىلەن ئۇچرىشالىغان ياكى ئۇچرىشالمىغانلىقىنى، ئۇنىڭ ئەھۋالىنىڭ قانداق ئىكەنلىكىنى سورىدى.

— ئۇچراشتىم، ئۇچرىشىپلا قالماستىن بەلكى سېنىڭ بارلىق ئەھۋالىڭدىن ئۇنى خەۋەردار قىلدىم. بىچارە قىز سېنىڭ ھالىڭنى بىلىپ كۆيۈك ئوتىغا سەندىن بەكرەك گىرىپتار بولدى. ئۇ سېنىڭ ئىشقىڭدا قىلىۋاتقان ئىشىدىن ئازدى. ھەمىشە سېنىڭ ۋەسلىڭدىن باشقا ھېچ نەرسىنى سورىمايدۇ. ھازىرقى ھالەتتە سەن ئۇنىڭ ئۈچۈن ئاشىق ئەمەس، بەلكى ئۇ سەن ئۈچۈن ئاشىق يولىغا چۈشۈپ قالدى. گويا سەن ۋامۇق، ئۇ ئۇزرا بولدى.

شاھزادە بۇلبۇلدىن بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ كۆڭلى بىرئاز تەسكىن تاپقاندەك بولسىمۇ، لېكىن ۋۇجۇد تەختىدە يالقۇنلاۋاتقان ئوتنىڭ گۈلخانىغا ئايلىنىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى.

— شۇ تاپتا ۋۇجۇدۇم ئازابتىن ئۆرتەنمەكتە. بىچارە گۇل مېنىڭ ئىشقىمدا جاپا تارتسا مەن ئۇچۇن راۋا ئەمەس، سەن دەرھال مېنى گۇلنىڭ قېشىغا باشلاپ ئاپارغىن، ئۇنىڭ بىلەن مېنى كۆرۈشتۇر، — دېدى ئۇ بۇلبۇلغا.

ئۇلار كېيىملىرىنى ئالماشتۇرۇپ دەرھال يولغا چۈشتى، گۇل ناخشىچىلار بىلەن نەۋرۇزنىڭ ئىشقىغا بېغىشلانغان ناخشىلارنى ئېيتىپ مۇڭلىنىپ ئولتۇراتتى.

شاھزادە نەۋرۇز، بۇلبۇل بىلەن چاھار باغقا ئورۇنلىشىپ، مەلىكە گۇلنىڭ ھىدىنى ھىدلىدى. نەچچە ۋاقىتتىن بېرى ئارامسىزلانغان كۆڭلى ئارامىغا چۈشكەندەك، دەرمانسىزلانغان ۋۇجۇدى كۈچ قۇۋۋەتكە تولغاندەك بولدى - دە، روھى ئۇرغۇپ، نەچچە ۋاقىتتىن بېرىقى سېغىنىش ھېسسىياتى پارتلاش دەرىجىسىگە بېرىپ قالغانىدى. شاھزادىنىڭ بۇ ئەھۋالىنى كۆزىتىپ تۇرغان بۇلبۇل شاھزادە تىلىدىن گۇلگە قارىتىپ مۇنداق دېدى:

— ئەي گۇل، گۇلشەنلەر ئارا شادىمان بولغىن. مېنىڭ ئىشقىمدا كۆيۈپسەن، ھەمىشە شاد بولغايسەن. پەلەكمۇ ئۈستىڭدىكى غەم - ئەندىشىدىن سېنى ئازاد قىلسۇن! مەن سەن ئىستىگەن چىرايى مىسكىن، دىلى غەمكىن ئاشىق بولىمەن. مەن سېنىڭ ھىجرانىڭدا ئاۋارە، بىچارىمەن، ئىشق ئوتى ۋۇجۇدۇمنى ئۆرتەپ ماڭا ئامانلىق بەرمەيدۇ. مەن سېنىڭ ئۇچۇن

سۇلتانلىقنى تاشلاپ گادايلىق يولىغا ماڭدىم. سېنىڭ دىدارىڭنى كۆرۈشنى ئۈمىد قىلىپ جاھاندىن كەچتىم. سەن مەندەك غېرىبىنىڭ نالە ـ زارىغا قۇلاق سالغايسەن. كۆزلىرىڭنى قىيا بېقىپ ھالىمغا نەزەر سالغايسەن. تاڭ ساباسى تىنىقلىرىمنى تىنىقلىرىڭغا قوشسا، مەن تەرەپكە بىر نەزەر سالارسەنمۇ، سەن تەختتە خۇشال، مەن تۆۋەندە غەمنىڭ ئەسىرى بولۇپ قالدىم. ماڭا دىدارىڭنى كۆرسەتسەڭچۇ؟

نەزمە:

ئىسسىنۇرمۇ كىشى ئوتقا يىراقتىن،
مېنى سۆيگەن نېتەر نەۋشاد بەختتىن.

گۇل بۇلبۇلنىڭ نەۋرۇز تىلىدىن ئېيتقان بۇ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ دەرھال ھوشىنى يىغدى ۋە:

— يارەي، بۇ نە رەھمەت كېچىدۇر، نە كېچە بەلكى رەھمەت كۈندۇر، ماڭا ھېچقانداق مۇنەججىم مۇنداق خۇشال مىنۇتلارنى ئالدىن ئۇقتۇرمىغان ئىدى. بۇ قانداق گەپ ئۆزى، — دەپ تىكىرقاپ قالدى ۋە بۇلبۇلدىن بۇ گەپنىڭ زادى نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى تەپسىلىي سورىدى. بۇلبۇل خۇشاللىقىدىن گۇلگە قارىتىپ مۇنداق دېدى:

— ئەي ھۆسن گۈزەللىكتە ئاينى تاڭ قالدۇرىدىغان

مەلىكە، سىنىڭ ئاياغىڭنىڭ ئىزى مەن ئۈچۈن تۇتىيا بولدى. ئاياغىڭدىكى تۇپراق مېنىڭ تاجىم ـ تەختىم بولدى. سىنىڭ جامالىڭنى كۆرۈپ مېنىڭ ھالىمنىڭ نە بولغانلىقىنى بىلمەمسەن؟ مەن سىنىڭ ۋىسالىڭغا قاچانمۇ يېتەرمەن، مېنىڭ بوسۇغاڭغا كېلىشىم سىنىڭ ۋىسالىڭ ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى سىنىڭ ھىدىڭنى ھىدلاپ ئۆلۈش ئۈچۈن ئىدى. مەن سىنىڭ دۆلىتىڭگە كېلىشىمنى چۈشۈم دەپ بىلىۋاتىمەن. مەن بۇ بەختكە قانداق شۈكرى ئېيتىشىمنى بىلمەيۋاتىمەن. ئەگەر مەن سىنىڭ دىدارىڭغا بىردەم نەزەر سالسام، ئۆلۈپ كەتسەممۇ ئارمانىم قالمايتتى. تىلىكىمنىڭ سىنىڭ دىدارىڭغا قېنىش ئىكەنلىكىنى بىر سەنلا بىلىسەن!

مەلىكە گۈل، نەۋرۇزنىڭ بۇ ئەلگە كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ سەۋسەنگە مۇنداق دېدى:

— ئەي كۆزۈمنىڭ قاراسى، ماڭا پەقەت سەنلا ھەمدەم بولالايسەن. بۇرۇنقى نەسىھەتلىرىڭنى ئىككىنچىلەپ ئېغىزغا ئالغۇچى بولما. نەۋرۇز ئۆزىنى غاپىللىق دېڭىزىغا تاشلايدىغاندەك قىلىدۇ. مەن ئۇنىڭ دىدارىدىن نېسىۋىسىز قالماي، ئۇنىڭ ھىدلىرىنى ساباھدىن ھىدلاپ قالماي، سەن ماڭا ئۇنىڭ ئەھلىدىن خەۋەر بەرگىن. سىنىڭ ماڭا دوستانىلىقىڭنى كۆرسىتىدىغان ۋاقتىڭ كەلدى، مېنىڭ ھەسرەتتىن بۇزۇلغان كۆڭلۈمنى ئاراملىق مەلھەمى بىلەن

تۈزىگەيسەن.

گۈلنىڭ ئۆزىدىن ئۆتۈنىشىنى ئاڭلىغان سەۋسەن گۈلگە مۇنداق دېدى:

— جېنىم گۈل، مۇنداق سۆزلىرىڭنى قوي، بۇنداق چۈشۈنۈكسىز سۆزلەرگە ھەرگىز ئىشەنمە، ساڭا دەرد ـ ئەھۋال ئېيتقىنى نەۋرۇز ئەمەس، بەلكى بۇلبۇلنىڭ ئۆزى شۇ. ئىشەنمىسەڭ زۆھرە ئۇنىڭدىن بىرنەچچە سوئال سوراپ باقسۇن، — دېدى ۋە ئۇنىڭغا ئىشارەت قىلدى. زۆھرە چاڭنى تۈزۈپ، خۇش ئاۋاز بىلەن گۈل تىلىدىن بۇلبۇلغا قارىتىپ مۇنداق دېدى:

— ئەي خۇش ئاۋاز قۇش، يالغان گەپلىرىڭ بىلەن مېنى سەۋدايىلىققا گىرىپتار قىلدىڭ، نەۋرۇز دېگەن كىشى بۇ ئىشلاردىن بىخەۋەر، كۆڭۈل خۇشلۇقى بىلەن بەنت بولىۋاتىدۇ. سەن ئۇنىڭ تىلىدىن مۇنداق گەپلەرنى قىلما. ئۆز ئىشى بىلەن مەشغۇل بولۇپ، كۆڭلىرىنى خاتىرجەم ئۆتكۈزۈۋاتقان نازىنىن گۈلنى زار قىلىپ، ئۇلۇغ ـ ئۇششاقلار ئارىسىدا خار قىلما. مېنى دائىم گەپكە سېلىپ ئاۋارە قىلما. «ئۇسسىغان سۇنى كۆرمىسە ئىشەنمەس، نەچچە قېتىم سۇ دېگەنگە ئۇسسۇزلۇقى قانماس» دەپتىكەن، مەن فەرخار ئېلىدە ئەتىۋارلىق بىر ئادەم ئىدىم. پۈتۈن ئەلگە كىردىم. ئاشكارا بولۇپ كەتتى. ھايات چىرىغىنىڭ يېغى تۈگەپ پىلىلداپ قالدى. ئەگەر ھەر تۈرلۈك

ئەھۋاللار بولسا، پال ئېچىپ بىلەرسەن. مەن چۈشۈمدە بۇ بەختتىن بىدار ئىكەنلىكىمنى بىلدىم گويا سەن چۈش كۆرگەندەك.

نەزىم:

ئىسسىنۇرمۇ كىشى ئوتقا يىراقتىن،
مېنى سۆيگەن نىتەر نەۋشاد بەختتىن.

دېگەن سۆزنى تەكرارلاۋەردىڭ، سېنىڭ يەنە قانچىلىك يالغان گېپىڭ بولسا، يەنە شۇنچىلىك دەۋەرگىن.

شاھزادە نەۋرۇز زۆھرەدىن يۇقىرىقى سۆزلەرنى ئاڭلاپ قۇلىقىدىن بىر ئوت كىرىپ يۈرۈگىنى كۆيدۈرگەندەك بولدى.

ئۇ ئۆز ـ ئۆزىگە: يارەب بۇ زەخمەت كۈنىمۇ نېمە؟ كۈن ئەمەس تېنىم شىكەستىلەنگەن كۈن بولدى. مۇنەججىملەر ماڭا بۇنداق خەۋەر بەرمىگەن ئىدى. بۇ زادى قانداق گەپ بولدى ئەمدى، دېدى ـ دە، بۇلبۇلغا مۇنۇ سۆزلەرنى گۈلگە ئېيتىشنى تاپىلىدى.

«ئەي، ھۆسن ئىچىدە فەرخار ئېلىنىڭ ئايى، بىتاقەتتە فەرخار ئېلىنىڭ شاھى. بۇسۇغاڭنىڭ توپىسى مېنىڭ جېنىم ئۈچۈن تۈتىيا بولدى. سېنىڭ كوچاڭنى سەيلە قىلىش گويا پەيغەمبەرنىڭ مىئراج كېچىسى ئاسمانغا چىققىنىغا ئوخشاش بولدى. سېنىڭ غېمىڭ مېنىڭ جېنىم بولدى، ئەگەر سېنىڭ

غېمىڭدە بولمىسام بۇ جانىنىڭ مەن ئۈچۈن نېمە كېرىكى بار دەيسەن؟

سېنى خىيال قىلىش بىلەن مېنىڭ ھالىم بۇ بولغان تۇرسا، ۋىسالىڭغا يېتىشكە قانداقمۇ ماجالىم بولسۇن؟ سېنىڭ دىدارىڭنى كۆرۈش ئۈمىدىممۇ يوق ئىدى. مەن پەقەت ئەلدىن سېنىڭ گەپ سۆزلىرىڭنى ئاڭلىساملا شۇ كۇپايە قىلاتتى. مېنىڭ بۇ يەرگە كېلىشىم سېنىڭ ۋىسالىڭ ئۈچۈن ئەمەس ئىدى. ئەي قۇياشىم! بەختىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى پەقەتلا بىلەلمىدىم. مەن ئۆزۈمنى بەخت ـ سائادەتكە مۇيەسسەر بولدۇم، چۈشۈمدىكى ئىشرەتكە يەتتىم دېيەلمەيمەن، مەن قايسى تىل بىلەن بۇ ئىشلارغا شۈكرى دېيەلەيمەن. ئەگەر سېنىڭ دىدارىڭغا بىر قېتىم قارىۋالسام ئۆلسەممۇ ئارمىنىم قالمايدۇ. ھاياتىمدىكى ئەڭ ئۇلۇغ تىلىكىم ۋە مەقسىتىممۇ شۇ ئىدى.»

سەزگۈر مەلىكە گۈل بۇلبۇل تىلىدىن ئېيتىلغان نەۋرۇزنىڭ يۇقىرىقى گەپلىرىنى ئاڭلاپ، شاھزادە نەۋرۇزنىڭ كەلگەنلىكىنى بىلدى. ئۇنىڭ تاقىتى ـ تاق ئىدى. ئۇ پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ شاھزادە بىلەن ئۇچرىشىش نىيىتىگە كەلدى ـ دە، سەۋسەندىن ئىجازەت سورىدى. سەۋسەن ئۇنىڭغا ئالدىراپلا رۇخسەت بەرمەستىن، بەلكى تۈرلۈك باھانىلەرنى تېپىپ، گۈلنىڭ ئىرادىسىنى بوشاشتۇرماقچى بولدى. مەلىكە گۈل ئېھتىمالىنىسى سەۋسەنىنىڭ گېپىنى يىرالماي دەماللىققا ماقۇل بولدى. لېكىن،

ئۇنىڭ كۆڭلى ھەمىشە نەۋرۇز بىلەن ئۇچرىشىش ئىستىكىدە بولدى. بىركۈنى گۈل ئۆيدە ئولتۇرۇپ ناھايىتى زېرىكىپ كەتكەنلىكىنى، چاھارباغقا چىقىپ بىردەم كۆڭۈل ئېچىپ كىرىشنى ئىلتىماس قىلدى. سەۋسەن ئۇنىڭغا گۈلشەننى پەقەت ئۆگزىدىلا تاماشا قىلىشقا، كۆڭۈل ئاچقۇسى بولسا، ئوردىدىكى رەققاس ـ سازەندىلەرنى يىغىپ خالىغانچە ناۋا قىلسا بولىدىغانلىقىنى ئېيتتى. نائىلاج قالغان مەلىكە ئاخىرى بىرنەچچە ھەمراھلىرى بىلەن ئۆگزىگە چىقىپ باغنى تاماشا قىلدى.

بۇ چاغدا شاھزادە نەۋرۇز دەرەخلەر سايىسىدا رەسىم سىزىپ ئولتۇراتتى. ئۇشتۇمتۇت ئۆگزىدە ئۆزى تەرەپكە قاراپ گۈل تاماشاسى قىلىۋاتقان مەلىكە گۈلگە كۆزى چۈشتى ـ دە، چۈشۈدىكى مەلىكىنى ئوڭىدا كۆرگەنلىكىنى بىلدى. شۇ ھامان ئۇنىڭ يۈرىكى ئېغىپ بەدىنىدىن قان، ۋۇجۇدىدىن جان قاچقاندەك بولدى ـ دە، ھوشسىزلىنىپ يىقىلدى. مەلىكە گۈل بۇ ھالەتنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ، ئاھ ئۇردى، ئۇمۇ شاھزادىدىن ئارتۇقراق ئازابلىنىپ ئۆگزىگە يىقىلدى. بۇ ھالنى كۆرگەن قىزلار چۇقان كۆتۈرۈشتى ـ دە، دەرھال گۇلاب ئەكىلىپ مەلىكىنىڭ يۈزىگە، كۆكسىگە چاچتى. لېكىن، ئۇنىڭ ئۇنۇمى بولمىدى. قىزلار نېمە قىلارىنى بىلمەي باشلىرىغا توپا چېچىپ كۆكسىنى مۇشتلاپ، يۈزلىرىنى تاتىلاپ، ئۆزلىرىنى يەرگە

ئېتىشقا باشلىدى. مۇزدەك سوغۇق سۇ ئەكىلىپ مەلىكىنىڭ پۇتۇن بەدىنىگە پۈركۈدى. مەلىكە بىرئازدىن كېيىن سەل ھوشىغا كەلگەندەك بولدى. قىزلار دەرھال تەختىراۋان كەلتۈرۈشۈپ مەلىكىنى كۆتۈرۈپ ئوردىغا ئېلىپ مېڭىشتى.

شاھزادە نەۋرۇز شۇ يىقىلغانچە بىھوش ئىدى. بۇ ھالدىن نىمە قىلارىنى بىلەلمەي قالغان بۇلبۇل، شاھزادىنىڭ يۈزىگە گۈلاب چاچتى. ئۇنىڭ ئەتراپىدا چۆرگىلەپ قىلىشقا تېگىشلىك ھەممە ئىشلارنى قىلدى. تاڭ ئاتقۇچە ئۇنىڭ ئەتراپىدا خۇددى پەرۋانىدەك ئايلىنىپ چىقتى. ئۇنىڭ ھالىدىن غەم يەپ قان يۇتتى. شاھزادە سەھەر ئۆتكەن سوغۇق ھاۋا بىلەن ئاستا كۆزىنى ئاچتى ـ يۇ، ئۆگزىگە قاراپ مەلىكە گۈلنى كۆرۈپ يەنە بىر قېتىم ئاھ تارتقانچە ھوشىدىن كەتتى. ئۇنىڭ تىنىقى ئاجىزلاپ، بەدىنى بوشىشىپ كېتىۋاتقاندەك ئىدى، بۇلبۇل شاھزادىنىڭ بۇ ئەھۋالىغا چىداپ تۇرالماي چۇش مەھەللىدە ئۇنى كۆتۈرۈپ ئۆيىگە ئېلىپ كەلدى. شاھزادىگە ئامراق نەۆكەرلەر ئۇنى بۇ ھالدا كۆرۈپ زار يىغلاشتى. بۇ ۋاقىتتا ئۆيدە قىيامەت بولغاندەك بولۇپ كەتتى. خېلى ۋاقىتلار ئۆتكەندىن كېيىن شاھزادە كۆزىنى ئاچتى ۋە ئاستا ئولتۇردى. ئۇنىڭ ئىچىدىن، ئېتىلىپ چىقىۋاتقان «ئاھ» پەلەكنى بىر ئالغان ئىدى. ئۇ بۇلبۇلنى كۆرۈپ تونۇگۇنكى ئىشلارنى سورىدى. بۇلبۇل بولغان ۋەقەلەرنى بىر ـ بىرلەپ ھېكايە قىلىپ بەردى. قەلبى ئازابلانغان شاھزادە ئۆزىنى

قويۇپ ھوشسىزلانغان مەلىكە گۈلنىڭ ئەھۋالى ئۈستىدە قايغۇرۇشقا باشلىدى. گۈلنىڭ ھالىنى خىيال قىلغانسېرى يۈرىكى ئاجىزلاپ، سەۋداسى ئېشىپ كېتەتتى. ھېچكىمنىڭ گېپى ياقمايتتى. ھېچكىمگىمۇ قارىمايتتى. ئۇ ھەر قېتىم «ئاھ» ئۇرسا ئىچىدىن ئوت ئېتىلىپ چىقىۋاتقاندەك، كۆڭلى بۇزۇلۇپ ۋۇجۇدىغا ياماشسا، دىمىغىدىن قان ئېتىلىپ چىقاتتى.

ئەمدى گەپنى مەلىكە گۈلدىن ئاڭلايمىز:

مەلىكە گۈل شاھزادە نەۋرۇزنى ئۆگزىدە كۆرۈپ ھوشىنى يوقاتقاندىن كېيىن چۆرىلەر ئۇنى دەرھال قەسىرگە ئېلىپ بېرىشتى. تېۋىپ، جەرراھلار ئۇنىڭغا تۈرلۈك ئاماللارنى قىلىپ ھوشىغا كەلتۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن تېنىدە ماغدۇر يوق ئىدى. سەۋسەن گۈلنىڭ بۇ ھالىنى كۆرۈپ يۈرىكى پارە - پارە بولدى. يۈزلىرىنى تاتىلاپ كۆزىدىن ياش ئورنىغا قان ئاقتى.

— ئەي گۈزەل مەلىكەم، مەن سېنى قانچە قېتىملاپ نىيىتىڭدىن ياندۇردۇم، مېنى مۇشۇ ھالدا كۆرسۇن دېمەكچىمىدىڭ، ئۆزۈڭنى ئۆزۈڭ بۇنچىۋالا قىيناپ، بىزنىڭ بېشىمىزغا مۇشۇنداق بالانى كەلتۈرۈپ نېمىمۇ قىلاتتىڭ. ئەگەر كۆڭلۈڭدىكى مەقسىتىڭ ئەمەلگە ئاشسۇن دېمەكچى بولساڭ، سەۋر قىلساڭ بولماتتى. ۋۇجۇدۇمدىكى جېنىم سېنىڭ قولۇڭدا، مەن سېنىڭ خىزمەتكارىڭمەن. مەن سېنىڭ ئىشق ئوتىغا گىرىپتار بولغان ھالىتىڭنى كۆرگەندىن بۇيان، پۈتكۈل

ھاياتىمنى سىنىڭ يولۇڭغا ئاتىۋەتكەن. مەن سەن ئۈچۈن نىمە كۈنلەرنى كۆرسەم مەيلى، سەن ئۈچۈن جېنىمنى تەسەددۇق قىلىشقا تەييارمەن. مەن سىنىڭ بۇ دەرىجىگە بېرىپ قالغانلىقىڭنى زادىلا بىلمەپتىمەن، — دېدى سەۋسەن.

ئاستا - ئاستا ھوشىغا كېلىپ بەدىنىگە ماغدۇر كېلىۋاتقانلىقىنى بىلگەن مەلىكە گۈل سەۋسەن ئانىنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ چىرايىغا قان يۈگۈردى، ئۇ سەۋسەندىن كۆپ ئۆزرە سوراپ مۇنداق دېدى:

— ئەي مېنىڭ دەردىمگە دەرمان بولغۇچى، سەن مېنىڭ جاراھەتلەنگەن كۆڭلۈمنىڭ مەلھىمىسەن. ھەسرەتكە تولغان جېنىمنىڭ ھەمدەمىسەن. سەندىن بىر ئۆتۈنۈشۈم بار. سەن ئاشۇ غېرىب بىناۋانىڭ قېشىغا دەرھال بارغىن. تەكەللۇپ بىلەن مېنىڭ بۇ سۆزلىرىمنى ئۇنىڭغا ئېيتقىن: «ئەي ۋاپالىق، مېھرىبانىم، يۈرىگىمنىڭ قۇۋۋىتى، جانۇجاھانىم. مەن ئۈچۈن بۇنچىۋالا زار بولغان، غېرىب مىسكىنلەرگە غەمخار بولغان، كىشىدىن قان نەشتىرىنىلا كۆرۈپ، بىرەر قېتىممۇ روھى ئازادىلىك كۆرمىگەن بىچارە. بۇ ئۇزۇن يوللۇق سەپەردە ئەھۋالىڭ قانداقراق. نەتىجە بەرمەيدىغان داۋاسىز ئىشقىتىن ئېغىر دەردكە قالدىڭ. ئەھۋالىڭ قانداقراق؟ سەن رەنج - مۇشەققەتتىن بەكمۇ جۇدەپ كەتتىڭ، ياراتقان ئىگەم مۇرادىڭغا يەتكۈزگەي، چۈنكى كىمكى مەقسەتكە يەتمەكچى بولسا، جان بېرىپ جانانىغا يېتىدۇ، دېگەن گەپ بار. سىنىڭ قانداق ئويۇڭ بار، مەن بىلمەيمەن. مەن

سىنىڭكى، سەن مېنىڭكى، سەن مېنى قوبۇل قىلساڭ كەمىنە سىنىڭ خىزمىتىڭگە تەييارمەن.»

سەۋسەن گۈلنىڭ سالامىنى نەۋرۇزغا يەتكۈزدى. نەۋرۇز سەۋسەننىڭ گېپىنى كۆڭۈل قويۇپ ئەستايىدىل ئاڭلىدى.

تېخى ئۆزىدە بۇ چاققىچە كۆرۈنمىگەن ئاجايىپ ياخشى خۇلق ۋە ئىچ مىجەزلىكى بىلەن سەۋسەنگە ھۆرمەت كۆرسەتتى. سەۋسەن نەۋرۇزنىڭ قىلغىنىدىن بەكمۇ سۆيۈندى ۋە مەلىكىنىڭ بۇ يىگىتكە ئاشىق بولۇشىنىڭ ئارتۇقچە ئەمەسلىكىنى بىلدى ۋە كۆڭلى خۇش بولۇپ كۆرگەن ئاڭلىغانلىرىنى مەلىكە گۈلگە بىر - بىرلەپ سۆزلەپ بەردى.

— ئى ھۆر پەرىزاتىم! سەن بىر گۈل بولساڭ، ئۇ يىگىت بىر سەرۋى ئىكەن. ئەگەر سەن گۈل بولساڭ، ئۇ يىگىت بىر تولۇن ئاي ئىكەن. ئەگەر سەن ھۆر بولساڭ، ئۇ يىگىت بىر پەرىزات ئىكەن. مەن ئۇنىڭ ھۆسن - جامالىنى تولۇق كۆردۈم. ئۇ بىر پادىشاھ ئەۋلادى بولۇپ خانلىققا لايىق، يەتتە ئىقلىمنىڭ سۇلتانلىقىغا مۇناسىپ يىگىت ئىكەن.

ھاتەم ئۇنىڭ قولىغا سۇمۇ قويۇپ بېرەلمەيدىكەن، مىڭ نەپەر ھاتەمنى بىر قىلسىمۇ ئۇنىڭغا تەڭ كەلمەيدىكەن. ئۇنىڭ يولىغا مىڭ جان سەدىقە قىلسىمۇ ئازلىق قىلىدىكەن. ئەگەر ئۇنىڭ ئۈچۈن جاننى پىدا قىلساڭمۇ ئەرزىيدىكەن. مەن مىڭ قېتىملاپ ئۇنىڭ سۈپەتلىرىنى قىلسامىمۇ، يەنىلا ئازلىق قىلىدۇ. سەن

ئۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق، ئۇ سەندىنمۇ ئارتۇق پەزىلەتلىك ئىكەنسىلەر. ئىلاھىم سىلەرگە بىر ياخشىلىق قىلىپ مۇرادىڭلارغا يەتكۈزگەي.

گۈل سەۋسەننىڭ بۇ گەپلىرىنى ئاڭلاپ بىردەم ئۆز ھالىنى ئۇنۇتتى. سەۋسەننىڭ گەپلىرىنى ئاڭلىغان قىزلار ھەيرانۇھەس بولۇپ، ھەۋەس قىلىشتى. ئۇلارغا قاراپ مەلىكە گۈلنىڭ كۆڭلىدە مېھىر - مۇھەببەت قايتا يالقۇنجىغاندەك بولدى.

ئەلقىسسە، ھەزرىتى مەۋلانە ئەبەيدۇللا لۇتفىنىڭ بۇ ئېيتقانلىرىنى كەمىنە ئەھمەد مۇنداق ھېكايە قىلىدۇرلەركى: مەلىكە گۈلنىڭ ھۆسن - جامالدا تەڭداشسىز، گۈزەللىكى ئالەمگە پۇر كىتىپ يەتتە ئىقلىم شاھلىرى ئۇنىڭغا ھەۋەس قىلىشۋاتقان كۇنلەرنىڭ بىرىدە، چىن خاقانى ھىممەت كەمىرى بىلەن بىلىنى مەھكەم باغلاپ، مەلىكە گۈلگە كۆڭلى بارلىقىنى ئىپادىلەپ، نۇرغۇن سوۋغا - سالاملار بىلەن بۇ ئەلگە ئەلچىلەرنى ئەۋەتتى. ئۇ ئەۋەتكەن سوۋغا - سالام ھەددى - ھېسابسىز بولۇپ چىن ماچىننىڭ ئەتلەس يىپەكى، قەشقەر ئۇستاملىرىنىڭ قولىدىن چىققان تۇرلۇك - تۇرلۇك نەپىس سەنئەت بۇيۇملىرى ۋە زىبۇ - زىننەتلەر، كەشمىرنىڭ ئېسىل ياغلىقلىرى، زىرە، ياقۇت، تاشلار ... گويا فەغفۇرچىننىڭ خەزىنىسى پۇتۇنلەي مۇشۇ سورۇنغا يۆتكىلىپ كەلگەندەك ئىدى. چىن خاقانىنىڭ سەمىمىي كۆڭلىنى كۆرگەن شاھ ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى قوبۇل قىلدى ۋە

دەرھال توي تەييارلىقىنى قىلدى.

سەۋسەن شاھنىڭ تويغا جابدۇنۇۋاتقانلىق ئەھۋالىدىن خەۋەردار بولغاندىن كېيىن، بۇ ئىشنى دەرھال گۇلگە خەۋەر قىلدى. شۇ ھامان گۇلنىڭ تېنىدە باشقىچە بىر ھالەت پەيدا بولۇپ، رەڭگى ئۆزگىرىپ كەتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ نەدە تۇرغانلىقىنى، نە ئىش قىلىۋاتقانلىقىنىمۇ بىلمەيتتى. ئۇنىڭ بۇ ھالىتىنى كۆرگەن چۆرىلەر ئۇنىڭغا ھوشيارلىق بىلەن قارىشاتتى. گۇل ياقىلىرىنى يىرتىپ، پەرياد چېكىشكە باشلىدى. ئۇنىڭ ھالى خارابلىشىۋاتاتتى. بۇ ھالى كۆرگەن سەۋسەن ئىچ ـ ئىچىدىن ئازابلىنىپ ئەي جانىۇ جاھانىم، سەن ئۇچۇن پىدا بولسۇن مېنىڭ جانىم! ساڭا مۇشۇ خەۋەرنى يەتكۈزگەن تىلنى كېسىۋەت، شۇ ئەھۋاللارنى كۆرگەن كۆزۈمنى ئويۇۋەت! سەن مېنىڭ بۇ پەرىشان سۆزلىرىمنى ئاڭلىمىغان بولغىن. سەن مەندىن نېمىنى سورارسەن. مەن نېمىنى دەرمەن، نېمىنى ئېيتارمەن، بۇ سۆز قانداق قىلىپ ئاغزىمغا سىغقاندۇ. قانداق قىلىپ تىلىمگە كېلىپ قالغاندۇ. ساڭا كۆز سالغان خاقانىنىڭ تەختى گۇمران بولسۇن، ئۇنىڭ ھاياتلىقى ئاخىرلاشسۇن ئىلاھىم! ــ دېدى.

ئۇزۇن ئۆتمەي سەۋسەن ئېيتقان بۇ ئىش ئەمەلىيەتكە ئايلاندى. چىن خاقانىنىڭ ئەلچىلىرى شاھنىڭ تەلىپىنى گۇلگە ئېيتتى. بۇ گەپنى ئاڭلىغان گۇلنىڭ يۈرىكى ۋىژژىدە قىلدى.

ئۆزىنى يەرگە ئېتىپ زار ـ زار يىغلىدى. ئۇ بۇ گەپنى ئاڭلىغان بىر كۈن گويا بىر يىلدەك تۇيۇلدى. ئۇ گويا تۇتقاقلىق كېسىلى بار ئادەمدەك ھېلى جىمىپ قالسا، ھېلى يىغلاپ ئۆزىنى يەرگە ئاتاتتى. ئۇنىڭ چىرايى گويا زەپىرەڭدەك سارغىيىپ، ئورۇقلاپ بىر تېرە بىر سۆڭەك بولۇپ قالغاندەك بولۇپ قالدى.

گۈل ئاڭلىغان خەۋەرنى نەۋرۇزمۇ ئاڭلىغان بولۇپ، گۈل دۇچ كەلگەن قىسمەتلەرگە شاھزادە نەۋرۇزمۇ دۇچ كەلگەن ئىدى. ئۇ ئۆز ـ ئۆزىگە سۆزلەيدىغان بولۇپ قالدى.

ئۇ مۇنداق دەپ نالە قىلاتتى:

ــ ئۇ غېرىبنىڭ ئەھۋالى قانداقتۇر، ئۇ دوستۇم مەندەك بىر ياخشى كۆرگۈچىنى ياد ئېتەرمۇ؟ مەندەك بىر بالادىن دەرمانسىزلانغان مىسكىننى ياد ئېتەرمۇ؟ پەلەك دۇچ كەلتۈرگەن بۇ بالادىن ئۇنىڭ ئەھۋالى قانداقتۇر؟ ئۇنىڭ مېھنەتتىن باشقا بىرەر دوستىمۇ بارمىدۇ؟ ئۆمرىدە زەخمەتتىن باشقا يەنە نېمە كۆرىدىغاندۇ؟

ئۇ شۇلارنى پىچىرلاپ دەرھال بۇلبۇلنى چاقىردى ۋە:

ــ دوستۇم بۇلبۇل، بۇ ۋەقەلەرنى ھېكايە قىلىدىغان ۋاقىت ئەمەس ياكى زاماندىن شىكايە قىلىدىغان ۋاقىت ئەمەس، زامان بەكمۇ نازۇك، پۇرسەت غەنىيمەت. بىز پۇرسەت ئىچىدىكى مۇشۇ بىر سائەت ۋاقىتنى چىڭ تۇتايلى، ــ دېدى.

بۇلبۇل بۇ ئىشنى بەجانىدىل ئورۇنداپدىغانلىقىنى بىلدۈردى ۋە ئىككىسى بىراقلا سەۋسەن بىلەن ئۇچرىشىدىغان بولۇپ، يولغا چىقتى. ئۇلار ھايال ئۆتمەي سەۋسەن بىلەن كۆرۈشۈپ بۇ ئىش ھەققىدىكى پىلانلىرىنى مەسلىھەتلىشىۋاتقان مىنۇتتا، بۇ ئۆيگە مەلىكە گۈل كىرىپ كەلدى. شاھزادە بىلەن مەلىكە بۇنداق يېقىن، بۇنداق تىنچ، بۇنداق خاتىرجەم مۇھىتتا ئۆزئارا ئۇچرىشارمىز دەپ خىيال قىلمىغان ئىدى. تاسادىپىي پۇرسەتتە بۇنداق ئۇچرىشىشتا بىر - بىرىنى كۆرۈپلا، بىر - بىرىگە گىرە سېلىپ قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈشتى. شۇ تاپتا ئۇلار دەرەخ بىلەن چەك گۈلنىڭ قوشۇلۇشى ئىدى. ئۇلار ئۇزاققىچە قۇچاقلىشىپ بىر - بىرىگە غەملىك بېقىشتى. كۆزلىرىدىن چاقنىغان نۇر قەلبىدىكى دەرد - ئەلەم، ھەسرەت ۋە پىغاننى بىر يولىلا ئىزھار قىلاتتى. تۇرلۇك ناز - كەرەشمىلەر بىلەن گاھ گۈل نەۋرۇزنىڭ بوينىغا قولىنى سالسا، گاھ نورۇز گۈلنىڭ نازۇك بىلىگە ئىككى قولىنى كەمەر قىلاتتى. بۇ ئىككى دىلكەش ئۆزئارا سۆھبەتكە چۈشكەندە ئۆي بەكمۇ خالىي ۋە تىنچ بولۇپ بۇ يەردە نە دۈشمەن، نە مۇناپىق يوق ۋە تىنچ ئىدى. ئۇلار خېلى ئۇزۇن سىرداشتى. بىر - بىرىگە يۈزىنى يېقىپ كۆزلىرىدىن ئاققان ياشلىرىنى چاڭقىغان يۈرىكىنىڭ دەرمانى قىلدى. ئۇلار شۇ مەشغۇلاتلار بىلەن ۋاقىتنىڭ قانچىلىك ئۆتكەنلىكىنىمۇ بىلمەي قېلىشتى. بىر ھازادىن كېيىن سەۋسەن ئىغىز ئېچىپ شاھزادىدىن بۇندىن

كېيىن نېمە قىلماقچى ئىكەنلىكىنى سورىدى.

— مەن بۇ چىمەنلىك ئىچىدە بىر چاكارمەن. گۈل نەگە بارسا مەن ئۇنىڭغا يولداش بولىمەن. دۇنيادا ئىشىمنى بىر يولىلا تۈگۈتۈپ گۈلنىڭ ئايىغىغا بېشىمنى قويىمەن. مېنى بۇ يولدىن توسىماڭلار. گۈل مېنى خاھ قوبۇل قىلسۇن، خاھ قوبۇل قىلمىسۇن، مەن ئۇنىڭ قۇلى، مەن ئۇنىڭ ئاياغىنىڭ ئىزىمەن. ئەگەر بۇ يولدا ئۆلۈپ كەتسەم ئۇنىڭ بوسۇغۇسىنىڭ توپىسى مەن، — دېدى.

گۈل نەۋرۇزنىڭ بۇ يۈرەك سۆزلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن كۆڭلى شادلىققا تولدى. ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى غەم - قايغۇ بىراقلا يوقالغاندەك، يەڭگىللەپلا قالدى. ئۇ ھېچبىر تارتىنمايلا نەۋرۇزنىڭ بويىنىغا گىرە سالدى ۋە چوڭقۇر مېھرى بىلەن ئۇنىڭ يۈزىگە سۆيۈپ، — ئەي شاھزادە، — دېدى ئۇ چوڭقۇر ئىشەنچ بىلەن، — سەن ئەمدى مېنىڭ بارلىق سىرلىرىمدىن ئاگاھ بولغىن! مېنىڭ سەندىن باشقا ھېچكىمىم يوق. سەن مەندىن يۈز ئۆرۈسەڭمۇ مەن سەندىن ھەرگىز يۈز ئۆرۈمەيمەن. قەسەم قىلىمەنكى، سېنىڭدىن باشقا زادى غېمىم يوق. سەن ئۆزۈڭنى ئەركىن ھېسابلىساڭ مېنى قەتئىي غەمگە قويمىغىن. سەن ھاياتلىق ۋادىسىدا مەندەك بىر كېيىكنى ئوۋلىۋالدىڭ. ئەمدى ئۇنى دەرھال قۇربانلىق قىل! ئەگەر دۇنيادىن يوقۇلىدىغان ئىش بولسىمۇ، سەن يېنىمدىلا بولىدىغان بولساڭ مەندە ھېچقانداق غەم

بولمايدۇ. ئەگەر مەن سەن بىلەن دوزاختا بولسام، ئۇ ماڭا جەننەتتىن تۇمەن ھەسسە ئۈستۈن بىلىنىدۇ. ئەگەر سەنسىز جەننەتتە بولسام ئۇ ماڭا ئەڭ دەھشەت ئازاب بىلىنىدۇ. ئۇلۇغ تەبىئەت جاننى يارىتىش بىلەن بىرگە ۋەسىل ھىجرانىنىمۇ بىللە ياراتقان. ئەگەر ئۆزۈڭگە يارىغان بىرەر كىشىڭ بولسا، مەن رازى، مەن سېنىڭ قولۇڭغا ئىختىيارىمنى تاپشۇردۇم. بېشىمنى يولۇڭغا قويدۇم!

مەلىكىنىڭ ئاغزىدىن جاراڭلاپ تۆكۈلمۇاتقان دۇردانىلەرنى بىر ـ بىرلەپ قەلب خەزىنىسىگە قاچىلىغان شاھزادە دەرھال ئورنىدىن تۇردى ـ دە، گۈلگە ئېگىلىپ تەزىم قىلدى. ھەر ئىككى قەلب بىر ـ بىرىنى چۈشۈنۈشكەن ئىدى.

گۈل بىلەن نەۋرۇز ئۆز ھەلەكچىلىكلىرى بىلەن بولۇپ تۇرسۇن، كەمىنە ئەھمەد ھەزرىتى مەۋلانە يازغان خاقانى مۇشكىنىنىڭ خاقانى چىن ئەلچىلىرىگە توي ئىجازىتى بېرىپ گۈلنى چىن ئېلىگە يولغا سالغانلىقى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى قىسقا ۋەقەلەرنى مۇنداق ھېكايە قىلىدۇ:

سۇبھى كۆتۈرۈلۈپ تۈن پەردىسى قايرىلغان، ساباھ زېمىننى سۆيۈپ ئۆتۈپ جانلىقلارنى بىدار قىلغان، قۇياش زېمىنگە مېھرى بىلەن كۈلۈپ باققان بۇ كۈنى شاھى مۇشكىن ئوردىغا چىقتى. چىن ئەلچىلىرى خاننىڭ پەرمانىغا ئىنتىزار بولۇپ تۇرۇشاتتى. خاقان قىزى گۈلنى رازى ـ رىزالىق بىلەن شاھى چىنغا ياتلىق

قىلىدىغانلىقىنى تەنتەنە بىلەن جاكارلىدى. چىن ئەلچىلىرى خۇشاللىقتىن گۇلقەقەلىرى ئېچىلىپ كەتتى ـ دە، شاھقا تەزىم بەجا كەلتۈرگەندىن كېيىن، ئات ـ ئۇلاغلىرىنى تەييارلاپ سەپەر جابدۇقلىرىنى ھازىرلاشقا كىرىشتى. نۇرغۇنلىغان تەزىم ـ تەۋەززۇھ ۋە خۇشلىشىشلاردىن كېيىن مەلىكە گۇل داغدۇغا بىلەن ئۇزىتىلدى. چىن ئەلچىلىرى نار تۆگە ئۇستىگە شاھانە مەھمىل ياساپ مەلىكىنى ئورۇنلاشتۇردى. شاھى مۇشكىن بىرنەچچە مەنزىلگە مەھرەملىرى بىلەن گۇلنى ئۇزۇتۇپ بېرىپ قايتىپ كەلدى.

گۇلنىڭ دادىسى تەرىپىدىن چىن خاقانىغا ياتلىق قىلىپ يولغا سېلىنغانلىقىنى بىلگەن شاھزادە نەۋرۇزنىڭ كۆڭلى ساراسىمىگە چۈشۈپ نېمە قىلارىنى بىلمەي كارۋانغا ئەگەشتى. نەۋرۇز گۇل مەھمىلدىن چۈشۈپ يەرگە دەسسىگەن ئىزىدىكى توپىنى ئېلىپ كۆزىگە سۈرتتى. گۇل ھەربىر قونالغۇغا چۈشۈپ قوزغالغاندا، ئۇ ياتقان يەرلەرنى قانلىق يېشى بىلەن يۇيدى. ئۇ مىنگەن تۆگە قايسى يولدىن ئۆتسە، ماڭغان ئىزىنىڭ توپىسىغا كۆزىنى سۈرتتى. ئۇ كېچە ـ كۈندۈز گۇلنى خىيال قىلىش بىلەن بەند ئىدى. كارۋان ئۇزۇن يول يۈرۈپ ئاخىرى چىن چېگراسىغا يېقىنلاشتى.

بىركۈنى كېچىدە ناھايىتى قاتتىق بوران چىقىشقا باشلىدى. ھاۋا بۇلۇتلۇق بولۇپ، نە ئاي نە يۇلتۇزلارمۇ يوق ئىدى. بوران

بەكمۇ قۇتراپ، چاقماق چېقىپ تۇراتتى. ھەممە ئادەم ئۆزىنى قۇتقۇزۇش بىلەن بولۇپ كېتىپ، مەلىكە گۇل بىلەن قىلچىمۇ كارى بولمىدى. شاھزادە نەۋرۇز پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ مەلىكە گۇلنىڭ چېگراسىغا يېقىنلاشتى ۋە ئۇنىڭغا:

— بىز فەرخار ئېلىدىن قېچىپ كەتسەك، نەۋشاد ئېلىگە بېرىپ شاھلىق تەختىدە ئولتۇرساق، — دېدى. بۇ مەسلىھەت مەلىكە گۇلنىڭ كۆڭۈل مەيلىنى تارتتى - دە، ئۇنىڭغا رازىلىق بەردى. ئۇ ئۇيات، نومۇس دېگەنلەرنى كۆزىگىمۇ ئىلماي، ئاتىسىنىڭ تاج - تەختىنى تېرىقچە بىلمەي، جاھان، مال - دۇنيا دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن كۆتۈرۈپ، جېنىدىن ۋاز كەچكەن ھالدا نەۋرۇز بىلەن بىراقلا يولغا چىقتى. ئۇلار ھاۋا بۇزۇلغان شامالىق كېچىدە ئۇزۇن يول يۈردى. قوم - شېغىللار يۈز - كۆزلىرىگە ئۇرۇلۇپ مېڭىشنى ئاستىلاشتۇرۇپلا قالماي، بەلكى ئۇلارنى بەكمۇ ھاردۇرۇپ، ماغدۇرىدىن كەتكۈزگەن ئىدى. تەنلىرىگە ھاردۇق يەتكەن شاھزادە بىلەن مەلىكە بىر يار باغرىدا شامالدىن پاناھلىنىپ يېتىپلا ئۇيقۇغا كېتىشتى.

چىن ئېلىدە بىر قانخور ھەبەش بار ئىدى. ئۇ زۇھەل يۇلتۇزىدىن نەس، مىررىخ يۇلتۇزىدىن ئۆتەر قان ئىچەر ئىدى. ئۇ ئوتنى ھاپ قىلىپ يۇتۇشتىن يانمايدىغان قانخور ئىدى.

چىن خاقانى ئۇنى مۇشۇ ئەلنىڭ چېگرا قورۇلىنى قوغداشقا قويۇپ، ئۇنىڭغا: «ئەگەر مىڭ كىشىنىڭ قېنىنى ئاقتۇرساڭمۇ

سەن ئۇچۇن سورىقى بولمايدۇ» دېگەنىدى. يەلدا ئۆزىگە ئوخشاش بىرقانچە قاراۋۇللار بىلەن بىرلىكتە چېگرىنى ساقلايتتى. ئۇ يول ئارىلاپ كېتىۋېتىپ گۇل بىلەن نەۋرۇزنىڭ ئىزىنى كۆرۈپ قالدى ۋە ئۇلارنىڭ ئىزىغا چۈشۈپ ئۇلار ئۇيقۇدا ۋاقتىدا تۇتۇپ چەمبەرچەس باغلىدى.

گۇل بىلەن نەۋرۇز ئۇيقۇسىدىن بىدار بولۇپ، ئۆزلىرىنى چەمبەرچەس باغلانغان هالدا كۆردى. كۆز ئالدىدا قانخور يەلدا ئادەمخور يىرتقۇچ قۇشقا ئوخشاش تۇرغان بولۇپ، ئۇلار گويا ئاجىز بىچارىلەردەك يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇشتى. نەۋرۇز ئەدەپ بىلەن يەلداغا سالام بەردى. يەلدا گويا روهى زېمىننىڭ خاقانىدەك كېرىلىپ تۇرۇپ ئۇلاردىن ئەهۋال سورىدى.

گۇل بىلەن نەۋرۇز كەچۈرمىشلىرىنى بىر - بىرلەپ سۆزلەپ بەرگەندىن كېيىن، يەلدا ئۇلارنىڭ هالىغا ئىچ ئاغرىتىش ئورنىغا تېخىمۇ مەهكەم باغلاپ خاقاننىڭ ئالدىغا ئەۋەتىپ بەردى. مەلىكە گۇلنى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈپ تۇرغان خاقان ئۇنى ياخشى قارشى ئالدى ۋە ئادىتى بويىچە ئۇلارنى بۇتخانىغا گۇناهى ئۇچۇن تۆۋە قىلىشقا ئەۋەتتى. بۇنداق پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلگەن گۇل بىلەن نەۋرۇز بۇتخانىدىكى ئىبادەتنى تاشلاپ بۇ يەردىن قېچىپ كېتىشتى. بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقان چىن خاقانى يۈرەك كېسىلى قوزغىلىپ ئۆلۈپ كەتتى. گۇل بىلەن نەۋرۇز بۇ خەۋەرنى كىشىلەردىن ئاڭلاپ، ئۆزلىرىگە تىكىلگەن بىر رەقىبتىن ئازاد

بولغانلىقىنى ھېس قىلىشتى ۋە يولغا راۋان بولۇشتى.
شۇندىن كېيىنكى ۋەقەلەردە ئۇلار ئىككىسى دىۋىلەر ماكانىغا بېرىپ قالدى ۋە ئۇ يەردىنمۇ ئامان ـ ئېسەن قۇتۇلۇپ يەنە ئۆز يولىغا راۋان بولدى. ئۇلار يول مېڭىپ يول ماڭغاندىمۇ مول مېڭىپ، زاھىتلار ماكانىغا بېرىپ قالدى. ئۇ يەردىمۇ شەيخ ناجى ئىسىملىك بىر زاھىتنىڭ لەنگەرىگە چۈشكۈن بولدى. شەيخ ناجى بۇ لەنگەرگە قونغۇچىلارنىڭ كەلگەنلىكىدىن قەۋەتلا خۇش بولدى. ئۇلارنىڭ قوللىرىدىن يېتىلەپ ئۆيگە باشلاپ كىردى ۋە ئۇلارنىڭ ئالدىغا داستىخان سېلىپ ئۇلارنىڭ تېتىپ بېقىشى ئۈچۈن بىر نەچچە پارچە ئارپا نېنى بىلەن ئىككى پىيالە سوغۇق سۇ قويدى. گۇل بىلەن نەۋرۇز ھارغان تەنلىرىگە قۇۋۋەت بېرىش ئۈچۈن تېخى ئەمدى بىر پارچە ناننى سوغۇق سۇغا چىلاپ يەپ تۇرۇۋىدى، شەيخ ناجى دەرھال داستىخاننى يىغىشتۇردى، ئۇلار بىلەن بىردەم ھال ـ مۇڭ بولۇپ، ئۇلارنىڭ كەلگۈسى تەقدىرى ئۈستىدە پال ئېچىپ ئۆزلىرىنىڭ سېھىرلىرىنى ئىشقا سېلىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ مەقسىتى ئۆزىنىڭ گەپدانلىقىغا تايىنىپ بۇ ئىككى مېھماندىن پۇل ئۇندۇرۇۋېلىش ئىدى. گۇل بىلەن نەۋرۇز بۇ كېچىنى بۇ يەردە ئۆتكۈزۈپ، ئەتىسى سەھەردە يەنە يولغا چىقىشتى. چۈنكى، ئۇلار مۇنداق ئۈيلىغان ئىدى.

دېدىلەر:

قاچتى بىر لاھەۋلدىن دېۋ،
بەنى ئادەم بىلەن لاھەۋلدىن دېۋ.
يۈرۈشتى دېۋ ئۆزە ھۆكمىدىن سۇلايمان،
مۇنىڭدەكلەرنى قىلمارى مۇسۇلمان.

بۇ يول ئازغۇرغۇچى كۆرگۈز سەتەلبىس،
ئەجەب يوقتۇركى يولدىن ئازسا ئىبلىس.
قىلىپ پەرھىز ئاللانىڭ سۆھبىتىدىن،
پەرىلەر كەتتىلەر شەيتان قاتىدىن.

ئۇلار شۇ ماڭغانچە دەريا بويىغا كەلدى ۋە شاھلارغا خاس ھالەت بىلەن كېمىگە چۈشۈشتى. تۇزلۇق دەريا سۈيى بەزىدە دولقۇن ياساپ قەترىلىرىنى ھەريان چاچرىتاتتى. قاتتىق شامال بەزىدە كېمىنى چايقاپ دولقۇن بىلەن تەڭ ئاسمان پەلەك كۆتۈرەتتى. ئىككى ئاشىق ـ مەشۇق بىر ـ بىرىگە روبىرو ئولتۇرۇپ ئۆزۈنغىچە خىيال سۈرۈشەتتى. دولقۇنلاپ چايقىلىۋاتقان كېمىنىڭ ئۆز جانلىرىغا خەۋپ ئېلىپ كېلىشىنى خىيالمۇ قىلمايتتى. گويا توپان بالاسى بولسىمۇ، خىيالىغا كەلمەيدىغاندەك ئىدى. ئىككىمىزنىڭ ئىشق ـ مۇھەببىتى قاچان ۋىسال قۇچىدىكەن، مانا شۇ كۈن مىسىرنىڭ پادىشاھلىقىغا تەڭ دەپ

ئويلايتتى. چۈنكى، ئۇلارغا ئىشق ـ مۇھەببەت رەھناما بولغان بولۇپ، ئەگەر مۇھەببەتنىڭ ۋىسالىسىز فەردۇن تەختىنىمۇ ھېچنېمە دەپ بىلەتتى.

ئۇلار ھېچنېمىدىن غەمسىز دېڭىز سەپىرىنى داۋاملاشتۇرۇۋاتقاندا ئۇشتۇمتۇت تەتۈر شامال چىقىپ دەريا سۈيى شىددەت بىلەن قىنىغا ئۇرۇلۇشقا باشلىدى. دەريانىڭ ئاستىدا بىر يوشۇرۇن تاغ بار ئىدى. كېمە ئۆز كونتروللۇقىنى يوقىتىپ قاراسىدە تاغقا ئۇرۇلدى. گويا قىيامەت بولغاندەك بولۇپ، كېمە قاپ ئوتتۇرىسىدىن ئىككى بولدى. كېمىدىكى يولۇچىلار، مال ـ مۈلۈك ھەممىسى شىددەت بىلەن ئاسمانغا ئۆرلەۋاتقان سۇ دولقۇنلىرىغا قوشۇلۇپ گاھ ئۆرلەپ، گاھ تۆۋەنلەپ بارا ـ بارا سۇغا چۆكۈپ كېتىشكە باشلىدى. كېمىدىكى كىشىلەر ئالا ـ چۇقان كۆتۈرۈشۈپ سۇ ئۈزەلەيدىغانلىرى ئۆزىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلسا، سۇ ئۈزەلمەيدىغانلىرى قولىغا نېمە چىقسا شۇنىڭغا ئېسىلىۋېلىپ، ئامان قېلىشنىڭ كويىغا چۈشكەن ئىدى. بۇ قىيامەتتە ھەممە ئادەم ئۆز جېنى بىلەن بولۇپ كەتكەن ئىدى. گۈل بىلەن نەۋرۇز ھەرقانچە تىرىشقان بولسىمۇ، بىر ـ بىرىنى زادىلا ئۈچرىتالمىدى. ئۇلار ھەرقايسىسى بىردىن تاختايغا ئېسىلىۋالغان ئىدى.

نەزم:
ئايرىدى بىر ـ بىرىدىن ئول ئىككى يار،
ئانىڭتەكلىك بىلەن ئول مەۋجى خۇنغار.
فەلەكنىڭ مۇندىن ئۆزگە نە ئىشى بار،
كى بىر نوش (خۇشاللىق) ئورنىدا يۈز مىڭ نىشى بار.
فەلەكنىڭ ئىختىيارى ئانداق ئەردى،
كى ھەربىرىنى بىر سارى يىپەردى،
قاياندىن تەڭرى تەقدىرى بىلە گۇل،
يارۇ ئەردى قىلىپ سەيرۇ تەۋەككۇل،
نە گۇل نەۋرۇز ئەھۋالدىن ئاگاھ،
نە نەۋرۇز ئەردى گۇل ھالىدىن ئاگاھ.

پەلەك بۇ ئىككىيلەنگە ئۆچلۈك قىلغاندەك بىر ـ بىرىدىن ئايرىۋەتتى.
مۇشۇ كۇنلەردە غەۋۋاسلار سۇنىڭ ئاستىدىن ئۈنچە ـ مەرۋايىت ئىزدەيدىغان مەۋسۇم ئىدى. ئەرەن دۆلىتىنىڭ غەۋۋاسلىرى ھەمىشە سۇ ئاستىدىن سەدەپ سۈزەتتى.
غەۋۋاسلار دەريادا تىنخى سۇ ئاستىغا شۇڭغىماي تۇرۇپلا، سۇدا بىر تال سالغا ئېسىلىۋالغان مەلىكە گۇلگە ئۇچراشتى.
غەۋۋاسلارنىڭ ئارىسىدا جەۋھەر ئىسىملىك بىر غەۋۋاس بار ئىدى. ئۇ ھېچ بىر ئىككىلەنمەيلا گۇلنى سۇدىن چىقىرىۋالدى.

گۈل بۇ بىرنەچچە كۈندىكى مۇشەققەتتە ھالىدىن كېتىپ ئارامسىزلانغان ئىدى. بىرنەچچە كۈن ھاردۇق ئالغاندىن كېيىن ئۆزىنى خېلىلا ئوڭشىۋالدى. ئۇنىڭ پىكىر - خىيالى ھەمىشە نەۋرۇزدا ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ قىزلىق نازاكەتلىرىنى يوشۇرۇپ، ئوغۇلنىڭ جاسارىتى ۋە كۆرۈنۈشىنى ھازىرلاپ بولغان ئىدى. بىر كۈنى جەۋھەر ئۇنىڭدىن نەسەب ئەھۋالى ۋە نەدىن كەلگەنلىكىنى سورىدى. گۈل ئۆزىنى چىن خاقانىنىڭ شاھزادىسى دەپ تونۇشتۇردى. جەۋھەر ئۇنىڭ بىلەن چىن دوستلۇق ئورنىتىدىغانلىقىنى بىلدۈردى ۋە قول بېرىپ، ئاكا - ئىنى بولۇشتى. جەۋھەر ھەممە ئىش قولىدىن كېلىدىغان پەملىك ۋە جاسارەتلىك ئوغۇل بولۇپ، ناخشا - ئۇسسۇل ھەۋىسى كۈچلۈك ئىدى. ئۇ پات - پات بەزمە ئۇيۇشتۇرۇپ، دوستى گۈلنىڭ كەيپىنى كۆتۈرۈشكە تىرىشاتتى.

گۈلمۇ پەقەت چاندۇرماي ئۇنىڭغا ماسلىشىپ بەرگەن بولسىمۇ، لېكىن كۆڭلى ھەمىشە نەۋرۇزنى ياد قىلىش بىلەن ئىدى. جەۋھەر دەريادىكى ئىشلىرىنى پۈتتۈرۈپ ئەدەنگە قايتماقچى بولدى. گۈلمۇ ئۇنىڭ تەكلىپىگە قوشۇلدى. يول ناھايىتى خەتەرلىك، سەپەر مۇشەققەتلىك بولۇپ، يولدا يولۋاسنىڭ، ئەجدىھالارنىڭ كىشىلەرگە ھۇجۇم قىلىش خەۋپى كۆپ ئىدى. گۈل سەپەرداشلىرى بىلەن ئەدەنگە قاراپ يولغا چىقىپ ئۇزۇن ئۆتمەي يولۋاسلار توپىغا دۇچ كەلدى. گۈل

ئۆزىنىڭ كىچىكىدىن تارتىپ ئۆگەنگەن باتۇرلۇق ۋە جەڭ ماھارەتلىرىنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىدىغان ياخشى پۇرسەتنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى بىلدى ـ دە، سەپەرداشلىرىغا ھەريان قاچماي، توپلىشىپ چىڭ تۇرۇشنى تاپىلدى. ئېچىرقاپ كەتكەن يولۋاسلار تەرەپ ـ تەرەپتىن ئۇلارغا ئېتىلغىلى تۇردى. گۈل ئۆزۈن تىللىق قامچا ماھارىتىنى ئىشقا سېلىپ نەچچە يولۋاسنىڭ كۆزىنى قويىۋەتتى. نەچچىسىنى ئوقيا بىلەن يىقىتتى. جەۋھەر گۈلنىڭ بۇ جەڭدىكى ماھارىتىنى كۆرۈپ ئۇنىڭ بىلەن قول بېرىپ ئاكا ـ ئىنى بولۇشقانلىقىغا چىن دىلىدىن رازى بولدى. ئەدەن دۆلىتىدە بۇنداق شىر يۈرەك ئەزىمەت يوق ئىدى. ھەممەيلەن گۈلنىڭ بۇ ھىممىتىدىن خۇش بولۇپ، ئۇنىڭغا ئاپىرىن ـ تەھسىنلەر ئوقۇشتى.

كۈنلەر ئۆتۈپ، سەپەرداشلار ئەدەن پايتەختىگە يېقىنلاشتى.

گۈلنىڭ باتۇرلىقىغا قايىل بولغان جەۋھەر بۇنداق بىر شىر سۈپەت باتۇرنى ئەدەنگە باشلاپ كېلىۋاتقانلىقىدىن خۇش بولۇپ، بۇ خەۋەرنى تېزراق شاھقا يەتكۈزۈشكە ئالدىرىدى ۋە سەپەرداشلىرىدىن ئايرىلىپ ئۆزى يالغۇز خان ھۇزۇرىغا كىرىپ مۇنداق دېدى:

ـــ مەرھەمەتلىك شاھىم، بۇ شىر يۈرەك ئەزىمەتنىڭ فەغفۇر نەسلىدىن ئىكەنلىكى مانا مەن دەپ بىلىنىپ تۇرىدۇ. ئۇ قۇدرەتتە كامالىغا يەتكەن بىر كىشى ئىكەن.

شاھ جەۋھەرنىڭ گۈل توغرىسىدىكى سۆپەتلىرىدىن ھەيران قېلىپ، ئۇنىڭ ئالدىغا مەخسۇس كىشىلەرنى چىقاردى. كۈتۈۋېلىشقا چىققانلار گۈلنى كۆپ ئىززەت ـ ئىكراملار بىلەن شاھ ئالدىغا باشلاپ كىردى. شاھ قېرىپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن بىرەر پەرزەنتى يوق بولۇپ، پەرزەنتسىزلىكتە باغرى كاۋاپ ئىدى. ئۇنى ئۆزىنىڭ ۋارىسى قىلىپ تەيىنلەپ ئۆز يېنىدا تۇتۇپ قالدى.

ئەمدى گەپنى نەۋرۇزدىن ئاڭلايلى:

دەريادا شاۋقۇن كۆتۈرۈلۈپ، ھەر كىشى ئۆز ھەلەكچىلىكىدە بولۇۋاتقان شۇ مىنۇتلاردا نەۋرۇز جاسارىتىگە تايىنىپ گۈلنى نەچچە قېتىم ئىزدىگەن بولسىمۇ، تاپالمىدى. شىددەت بىلەن گاھ ئاسمانغا كۆتۈرۈلسە، گاھ قىنىغا ئۇرۇلۇۋاتقان دەريا سۈيى گويا ئۇنى ھازىرلا دەم تارتىدىغاندەك ئىدى. ئۇ ئىلاجسىز ئۆزى ئېسىلىۋالغان تاختاي پارچىسىنى مەھكەم تۇتتى ـ دە، ئاخىر دەريا قىنىغا چىقىپ قالغانلىقىنى ئۆزىمۇ بىلمەي قالدى. كۈچلۈك دولقۇن ئۇنى گويا قۇياش يېنىدىن ئاينى ئېلىپ كەتكەندەك، دەريانىڭ بۇ قىنىغا ئاپىرىپ تاشلىغان ئىدى.

ئۇ سۇدا ئۇزۇن تۇرۇپ كەتكەنلىكتىنمۇ ياكى گۈلنىڭ ئىشقىدا ئاجىزلىغان تېنى زەئىپلەشكەنمۇ، دەريا قىنىدا ماغدۇرسىز ھالەتتە ئۇزۇن يېتىپ قالغان بولسىمۇ، ئاخىر

ماغدۇرىنى يىغىپ، قىرغاق بويلاپ مېڭىشقا باشلىدى.

ئۇ بىر تال ھاسىغا تايىنىپ دەرمانسىز قەدەملىرىنى تەستە يۆتكەپ كېتىۋاتقاندا، كۆز ئالدىدىكى بىر كەپىنى كۆرۈپ قالدى.

ئۇ دەرياغا تايىنىپ جېنىنى باقىدىغان، پۇت - قوللىرىدىن ماغدۇرى قېچىپ كەتكەن بىر بوۋاينىڭ كەپىسى ئىدى. ئۇ بېلىق تۇتۇپ تۇرمۇشىنى قامداشتىن باشقا ھېچقانداق ئىشنى بىلمەيتتى. بوۋاي يېڭى كەلگەن بۇ كىشىنىڭ ئەھۋالىنى كۆرۈپ ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتتى ۋە ئۇنىڭغا بەرگىدەك، قۇۋۋەت بولغۇدەك بىرنەرسىسى بولمىغانلىقى ئۈچۈن دەرھال بېلىقنى قارنىدىن يېرىپلا ئوتقا قاقلىدى. بېلىق ھايال ئۆتمەي پىشتى. نەچچە كۈندىن بېرى ئاچلىقتا ماغدۇرىدىن كەتكەن نەۋرۇز بېلىق گۆشىنى يەپ ئازراق ماغدۇرغا كەلگەندەك بولدى - دە، گويا نوھ پەيغەمبەر ساھابىلىرىنى توپان بالاسىدىن قۇتقازغاندەك، ئۆزىگە نىجادلىق ئاتا قىلغان بۇ بوۋايغا تەزىم بەجا كەلتۈرۈپ، ئۆزىنىڭ كۆڭۈل خۇشلىقىنى بىلدۈردى. ئۆزىنى «ئوغلۇم» ھېسابىدا تونۇشىنى ئۆتۈنۈپ، ئۇنىڭ ھال - ئەھۋالىنى سورىغاچ ئۆي ئىچىگە بىر قۇر كۆز يۈگۈرتۈپ چىقتى. بوۋاي ئۆي دەپ تونىغان بۇ ئاددىي كەپىدە نە بىرەر كارىۋات، نە بىرەر راسلاغلىق ئورۇن - كۆرپىمۇ يوق بولۇپ، ياتار يېرى داق يەر ئىدى. ئۇ كۈندە تۇتقان بېلىقنى ئوزۇق قىلىپ جېنىنى جان ئېتەتتى.

كۈنلىرىنى ئاچلىق - موھتاجلىقتا ئۆتكۈزگەنلىكى ئۈچۈن

بەدىنىدە شىلىۋالغىدەك گۆشمۇ يوق، ئۈستىدە كونىراپ نەچچە ياماق چۈشكەنلىكىدىن ئەسلى رەختىنىڭ قايسى ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولمايدىغان ئەسكى بىر چاپان، ۋۇجۇدىدا گويا قىلغا ئېسىلىپ قالغان بىرلا جېنى باردەك ئىدى.

نەۋرۇز بوۋاينىڭ ھالىنى كۆرۈپ، ئۆزىنىڭ دەرد ـ پىغانلىرىنى ۋاقىتىنچە ئېسىدىن كۆتۈردى ۋە بوۋايغا مۇنداق دېدى.

ــ ئەي بوۋا، مېنىڭ سىلىگە بەرگىدەك نەرسە ـ كېرەكلىرىم يوق، مەن سىلىگە پۇل تېپىشنىڭ بىر ئامالىنى ئۆگىتەي، سىلى شۇ بويىچە قىلسىلا پۇلغا ـ ئېرىشكىلى بولىدۇ. سىلى ئاۋۋال ئاھالىگە بېرىپ بىرەر ئادەمنى تېپىپ، مېنىڭ تەندۇرۇس ھالىتىمنى، ھەرقانداق ئىشنى قىلالايدىغان، تەدبىرلىك كىشى ئىكەنلىكىمنى ئۇنىڭغا ئېيتسىلا ۋە مېنى قانداق ياخشى سۈپەت بىلەن سۈپەتلىيەلىسىلىرى شۇنداق سۈپەتلىسىلە،

ــ دېدى. بوۋاي بۇ ئىشتىن ئۆزىگە بىر نەرسىنىڭ يۇقىدىغانلىقىنى دەرھال پەملىدى ـ دە، يەمەن سۇلتانىنىڭ ۋەزىرى قېشىغا بېرىپ، نەۋرۇزنىڭ ئۆگەتكەنلىرى بويىچە ئۇنى تازا كۆككە كۆتۈرۈپ ماختىدى ۋە ئۇنى ساتىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ۋەزىر دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. قولىدىن ھەممە ئىش كېلىدىغان بۇنداق ئادەمگە ئىنتىزار ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ، ئۇنى دەرھال ئېلىپ كېلىشنى بۇيرىدى. بوۋاي

كىچىكتۇرمەيلا نەۋرۇزنى ۋەزىرنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلدى. يۇزىدىن فەرىدۇندەك ئۇلۇغۋارلىق ۋە جەسۇرلۇقنى كۆرگەن ۋەزىر ئۇنى ياقتۇرۇپ قالدى.

نەۋرۇزمۇ ۋەزىرگە ئەگىشىپ تەزىم بەجا كەلتۇرۇپ قۇللۇقنى ئىپادىلىدى. ۋەزىر نەۋرۇزنىڭ ھالەتلىرىنى كۆزدىن كۆچۈرگەندىن كېيىن ئۇنىڭغا ئېسىل لىباس كەيدۈرۈپ، زىبۇ ـ زىننەتلەر بىلەن بېزىدى. نەۋرۇز شاھانە يېڭى كىيىملەر بىلەن شاھ سۇپەت بولۇپ كۆرۈندى. ۋەزىر جانغا جان قوشقۇچى بۇ كىشىنى تېپىۋالغانلىقىدىن ئۆزىچە مەمنۇن بولدى ۋە بۇ خەۋەرنى دەرھال شاھقا يەتكۈزدى. شاھ ئېلىپ كىرىشكە پەرمان قىلدى. شاھ ئۇنىڭ ھەرىكەتلىرىدىن ھايا ۋە ئەدەپ نۇرىنى كۆرگەندەك بولدى ۋە ئەدەپ بىلەن ئۇنىڭ بۇرۇنقى ھالىتىنى سورىدى. شاھزادە ئىچكى سىرىنىڭ پەردىسىنى ئاچتى. ئۆزى دۇچ كەلگەن بارلىق قىسمەتلەرنى شاھقا ھېچ ئايانماي سۆزلەپ بەردى. نەۋرۇزنىڭ كەچمىشلىرىنى ئاڭلىغان ئوردا ئەھلى يۈرەكلىرى پارە ـ پارە بولغان ھالدا نالە ـ زار قىلىشتى. يەمەن سۇلتانى ئۇنىڭ ھېكايەتلىرىدىن گاھ بىھوش بولۇپ قالسا، گاھ گويا قاينىغان قازاندەك بولۇپ، ۋۇجۇدى ئۆرتىنەتتى.

شاھ نەۋرۇزنىڭ ۋۇجۇدىدىن باتۇرلارغا خاس بىر جاسارەتنى كۆرۈپ يەتتى، يەمەندە ئۇنىڭغا چوڭ بىر مەنسەپ بېرىدىغانلىقىنى ۋەدە قىلىپ، ئۇنى يەمەندە قېلىشقا كۆندۈردى.

بەگلىرىنىڭ ھەممىسىنى يىغىپ ئۇنى تونۇشتۇردى. ھەمدە كېيىن بارلىق ئىشقا ئۇنىڭ مەسلىھەتىنى ئېلىشنىڭ لازىملىقىنى ئېيتتى. نەۋرۇزمۇ نۇرغۇن تازىم ـ تەۋەززۇلار بىلەن شاھنىڭ بۇ ئىلتىپاتىنى قوبۇل قىلدى ۋە يەمەندە يايراپ بۇ ئەلگە مېھرى چۈشۈپ قالدى. ئۇ پات ـ پات مەھرەملىرى بىلەن ئوۋ ـ ئوۋلاپ بەزمە مەشرەپلەرنى ئويۇشتۇرۇپ، ئىشرەت بىلەن ھاياتنى ئۆتكۈزۈشكە باشلىدى.

مۇشۇ ئاي مۇشۇ يىللاردا ئەدەن خانى يەمەن خانى بىلەن زىددىيەتلىشىپ بىر ـ بىرىگە ئەجەل ياسىنى توغرىلاشقان ئىدى. مەلىكە گۈلنىڭ ئۆزىنىڭ قىزلىق سۈپەتلىرى ئورنىغا يىگىتلىك ھىممىتىنى كۆرسىتىپ باتۇرلۇقتا، ھەربىي ماھارەتتە جانبازلىق ۋە ھەربىي مەشقاۋۇللۇقتا، ئۆز ماھارىتىنى كۆرسىتىپ، جاسارىتىنى ئىپادىلىگەنلىكىدىن قەۋەتلا سۆيۈنۈپ، گويا كۈچكە كۈچ قوشۇۋالغاندەك بولۇپ قالغان ئەدەن خانى يەمەن دۆلىتىگە بولغان يامان غەرىزىنى ئاشكارىلاپ، يەمەن چېگراسىغا قاراپ لەشكەر تارتتى. قوشۇن تېز سۈرئەتتە يەمەن چېگراسىغا يېقىنلاشتى. ئۆزى تەرەپكە كېلىۋاتقان بەھەيۋەت قوشۇننى كۆرگەن يەمەن سۇلتانى ھەيران قالدى ۋە تېنىنى قورقۇنچ باستى. ئۇ دەرھال نەۋرۇزنى چاقىرىپ، بۇ ياۋنىڭ قىرغىنلىقىدىن قانداق قۇتۇلۇشنىڭ تەدبىرى ئۈستىدە ئەستايىدىل كېڭەشتى. نەۋرۇز ھېچبىر ئىككىلەنمەيلا ئۇرۇشقا ئۇرۇش بىلەن تاقابىل

تۇرۇش تەكلىپىنى بەردى ۋە ئۇرۇشقا تەييارلىق قىلىدىغان، شاھ ئەلگە يارلىق چىقىرىپ چىرىك توپلايدىغان بولۇشتى. نەۋرۇز ئۆزىنى بارلىق ئىلغار قورالالار بىلەن قوراللاندۇرۇپ، ساۋۇت دۇبۇلغىلارنى كىيىپ ئەلگە باستۇرۇپ كەلگەن بەھەيۋەت قوشۇننىڭ ھەيۋىسىنى سۇندۇرۇپ، كەلگىنىگە پۇشايمان قىلدۇرۇپ يەر بىلەن يەكسان قىلماقچى بولۇپ، تەرەپ ـ تەرەپكە پىتىرما قۇردى. ھەممە ئەسكەرلىرىنى تولۇق قوراللاندۇرۇپ روھى جەھەتتىن ئىلھاملاندۇرۇپ، بۇ ئۇرۇشتا چوقۇم غەلىبە قىلالايدىغانلىقىغا ئىشەنچ تۇرغۇزدى. يەمەندە بەھرام ئىسىملىك تونۇلغان، مەشھۇر بىر لەشكەر بېشى بار ئىدى. ئۇ نەۋرۇزنىڭ پات پۇرسەتتە ياۋغا قارشى قوشۇن تەشكىللەپ، باتۇرلۇقىنى نامايان قىلىۋاتقانلىقىغا ھەسەت قىلىشقا باشلىدى. نەۋرۇز ئەلگە ياۋ باستۇرۇپ كەلگەن، خەلقنىڭ تەقدىرى قاش بىلەن كىرپىك ئوتتۇرىسىدا تۇرۇۋاتقان بۇنداق ھالقىلىق پەيتتە ئۇنىڭ بىلەن مەنمەنلىك تالىشىشنى ئۆزى ئۈچۈن نومۇس دەپ بىلدى ۋە قوشۇن باشچىلىقىنى ئۇنىڭغا ئۆتكۈزۈپ بەردى.

بەھرام قوشۇنغا باشچىلىق قىلىپ ھەيۋەت بىلەن ئات ئوينىتىپ جەڭ مەيدانىغا باردى. ئۇ جەڭ مەيدانىدا قارشى تەرەپتە سەپراس بولۇپ تىزىلغان بەھەيۋەت قوشۇننى كۆرۈپ تېنى سەل تىترىگەندەك بولدى. قارشى تەرەپتىن كۆتۈرۈلگەن داقا ـ دۇمباق ۋە ناغرا ـ سۇناينىڭ ئاۋازى مەيداننى بىر ئالغاننىڭ سىرتىدا

داغدوٗغا ـ ھەيۋەت كۆرسىتىپ تۇراتتى. بۇ ھال قوشۇن باشچىسى بەھرامنى تېخىمۇ ھودۇقتۇردى. نەۋرۇز ئۇنىڭ قوشۇنى ئالدىدا ھودۇقۇپ، تىترەپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، بۇ ئۇرۇشنىڭ نەتىجىسىز بولىدىغانلىقىنى مۆلچەرلەپ بولدى ـ دە، ھېچبىر تارتىنمايلا قوشۇنىنىڭ قوماندانلىقىنى يەنە ئۆتكۈزۈۋالدى ۋە زەنجىر كىيىم، دۇبۇلغا ـ ساۋۇتلارنى كىيىپ، دەرھال قوشۇنىنىڭ ئالدىغا ئۆتتى ۋە نەرە تارتىپ قوشۇننى يۇرۇشتىن توختاتتى. ئۇرۇشتا ھېچنېمىدىن قورقمايدىغان پالۋان سۇپەت باھادىرلارنى سەپ يارغۇچى سۇپىتىدە ئالدىنقى قاتارغا تىزىپ قوشۇنىنىڭ ئالدىدا زور قامەتلىك تاغنى ھاسىل قىلغاندەك سەپ تۈزۈپ، قوشۇننى قايتىدىن تەرتىپلەپ سەپنى رۇسلىدى.

بەھرام نەۋرۇزنىڭ بۇ قىلغان قىلىقىردىن سەل نومۇس قىلغاندى. ئۇ مەيدانغا ئات ئوينىتىپ كىرىپ ئەدەنلىكلەرنىڭ باتۇرىنى يەككە جەڭگە چۇشۇشكە چاقىردى.

بۇ زامانلاردا ئىككى تەرەپ قوشۇنى كەڭ بىر ئۇرۇش مەيدانىدا بىر ـ بىرىگە قارىمۇقارشى سەپ تۈزۈپ، ئوتتۇرىسىدىكى مەلۇم ئارىلىقتا ئاۋۋال ئىككى تەرەپنىڭ پالۋانلىرى كۈچ سىنىشىپ، ماھارىتىگە تايىنىپ قارشى تەرەپنىڭ پالۋىنىنى ئەسىر ئېلىپ قايتىدىغان ئەھۋال بار ئىدى. بەھرام زور ھەيۋەت بىلەن قارشى تەرەپنىڭ پالۋىنىنى يەككە جەڭگە چاقىرغان بولسىمۇ، لېكىن قارشى تەرەپتىن ھېچكىم مەيدانغا چۇشۇپ ئۇنىڭ بىلەن

ئىلىشىشقا جۈرئەت قىلالمىدى.

مەلىكە گۈل نەزەرىنى ئەتراپىدىكى قوشۇن باشچىلىرى ۋە سەپ يارغۇچى ئەزىمەتلەرگە ئاغدۇرۇپ، بىردەم سۈكۈتتە تۇردى. ئۇنىڭ مەقسىتى، ئۇزاق يىلدىن بىرى مۇشۇ دۆلەتنىڭ رەھمەت ئىنايىتىگە ئېرىشىپ، ئۇنىڭدىن بەھرىلەنگەن، ئۆزىنى ھېچكىمگە تەڭ قىلماي باھادىرلارچە كىدىيىپ يۈرگەنلەر چوقۇم ئۆزىنىڭ قابىلىيىتىنى نامايان قىلىدىغان بۇنداق پۇرسەتنى قولدىن بەرمەيدۇ، دەپ ئويلىغان ئىدى. ئۇ ئەتراپىغا قارىسا ھېچكىم مەيدانغا چۈشۈشكە جۈرئەت قىلالمايۋاتاتتى. گۈل دەرغەزەپ بىلەن:

— سىلەرنىڭ قىلىچىڭلار گاللىشىپ قالغانمۇ؟ نېمە ئۈچۈن ھەممەت كەمەرىنى بېلىڭلارغا مەھكەم باغلاپ ئەرلىك جاسارىتىڭلارنى كۆرسىتىشكە جۈرئەت قىلمايسىلەر؟ — دېدى. ئۇلار گۈلنىڭ ئالدىدا ئۆياتنى ئۇنتۇپ:

— راستىنى ئېيتساق، بەھرام دۇنيادا تەڭدىشى يوق باھادىر، بۇ ۋاققىچە ھېچكىم ئۇنىڭغا روبىرو تۇرالىغان ئەمەس. بۇنداق قانخور جەڭگە كىرگەندە مىڭ ئاتلىق بولسىمۇ، ئۇنىڭغا تەڭلىشەلمەيدۇ. بىز ئۇنىڭ بىلەن قانداقمۇ تەڭلىشەلەيمىز، — دېيىشتى. بەھرام:

— ئەلنىڭ بېشىغا كۈن چۈشۈۋاتقان مۇشۇنداق پەيتتىمۇ بىمەنە گەپلەرنى قىلغان بارمۇ، دۈشمەن ئالدىدىمۇ ئۆزىنى ئاجىز

چاغلايدىغان ئىت بارمۇ؟ قانداق دېگەن غەيرەتسىز، بوشاڭلىق بۇ، ئەل ئوغلىغا غەيرەت كېرەك، ـــ دېدى ـ دە، ئېتىنى دېۋىتىپ ئالدىغا ساداقتىن چىققان ئوقتەك ئېتىلدى. ئۇ شۇ تاپتا گۈركىرىگەن بۆلۆت، گويا بۆلۆت ئارىسىدا چېچىلغان چاقماق ئىدى. گۈلنىڭ ئات ئويىنىتىپ، ھەمىلە قىلىپ كەلگەنلىكىنى كۆرگەن بەھرام تېزلىكتە ئۆزىنى قاچۇردى. ئۇ گۈلنىڭ ھەرىكەتلىرىنى ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزىتىپ ئۇنىڭغا دېدى:

ـــ ئەي سەردار، سېنىڭ يۈرۈش ـ تۇرۇشۇڭ ۋە ماھارىتىڭ ئەدەنلىقلارغا پەقەتلا ئوخشىمايۋاتىدۇ. سېنىڭ ئاتقا ئولتۇرۇشۇڭ تۈركلەرنىڭ ئات مىنىشىگە ئوخشايدىكەن، سەن ئۆزۈڭگە رەھىم قىل. ئىسسىق قېنىڭنى بىھۇدە تۆكمە، كۈچ بىلەن ئۆزۈڭگە زورۇقۇپ تېنىڭدىن جېنىڭنى ئايرىۋەتمە! ئېتىڭدىن دەرھال چۈش. مېنىڭ ئېتىمنىڭ ئايىقىغا يىقىلىپ تۇيىقنى سۆي! سەن تولا ھەددىڭدىن ئاشما. كىم بىلەن تۇتۇشۇۋاتقانلىقىڭنى بىلىپ، ئۆزۈڭنى تونۇۋال!

گۈلنىڭ دەرغەزەپ ئاچچىقى كەلگەن ئىدى. ئۇ بۇنداق ھىممەتسىز، جەڭلەردە گەپدانلىقتىن باشقا قولىدىن ھېچ ئىش كەلمەيدىغان بىمەززە ئادەملەرنىڭ جەڭدىكى بوشاڭلىقىنى، ھەيۋىسى سۈرلۈك بولغان بىلەن بىر پەشۋاغا ياكى بىر قىلىچقا يارىمايدىغانلىقىنى بىلەتتى. شۇڭا، ئۇنىڭ ھەيۋىسىگە قارشى:

ـــ ئەي جاھىل، ئاتتا تىك ئولتۇر! ۋۇجۇدۇڭدا ئەرلىك

ھەممىتىنىڭ بولسا كۆرسەت! يەنە بىمەززەلىك قىلىپ، چوڭ سۆزلەيدىغان بولساڭ كۆرگۈلۈكۈڭنى كۆرسىتمەن، ـــ دېدى.

نەزم:
ئاچچىقىدىن ئۇردى گۈل قامچى ئاتىنە،
تەۋەككۈل قىلدى تەڭرى ھەزرەتىنە.
تەرىر ئەتكۈچ قويۇندەك ھەملە قىلدى
بۇلۇتتەك كۆكرەدى، ئوتتەك چاقىلادى.
ئىزەنگۇ قامچىلاپ دەفئە قىلدى. بەھرام ئېيتتىكىم:
سەن ئەيۇ سەردارى ئېتىم.
ئەدەنلىقلەرغە ئوخشماس يۈرۈشۈڭ،
ئېرۇر تۇركانە ئاتىنە ئولتۇرۇشۇڭ.
ئۆزۈڭگە رەھىم قىل، قانىڭنى تۆكمە،
تېنىڭدىن كۈچ بىلەن جانىڭنى سۆكمە.
ئاتىڭدىن بوش، ئاتىم توىناغىنى ئۇي،
ئۆزۈڭنى بىل فۇزۇللۇق قىلغان كۆپ.
ئېيتتى گۈلكىم: ئەي جاھىل تىك ئولتۇر،
ئىلكىدە ئەردەمنىڭ يار ئەرسە كەلتۇر.
بۇ مەيداندا ھۈنەر كۆرۈز ئەر ئەرسەن،
ئۇزەلۇر سۆز ئەگەر مۇھمەل دەر ئەرسەڭ.

بۇ گەپلەر، بەھرامغا خېلىلا ھار كەلگەن ئىدى. ئۇ ئاچچىقىدىن ئۆزىنى تۇتالماي كۈچ بىلەن قىلىچ ئۇردى. گۇل چاققانلىق بىلەن ئاي بولۇت ئىچىگە كىرگەندەك ئۆزىگە قالقان تۇتتى. قالقان بېغىدىن ئاجراپ ئىككى پارە بولۇپ كەتتى. گۇل چاققانلىق بىلەن ئاتنىڭ ئارقىسى تەرەپكە يېتىۋالدى ۋە پۈرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، ناھايىتى تېزلىك بىلەن قان ئۆتكۈچى تىغنى چىقىرىپ، كۈچ بىلەن بەھرامغا ئۇردى. قالقان تۇتۇشقا ئۈلگۈرەلمىگەن بەھرام قاپ ئوتتۇرىسىدىن ئىككى نىمتا بولدى ۋە ئاتنىڭ ساغرىسى تەرەپتىن موللاق ئېتىپ يەرگە چۈشتى. شۇ ھامان قوشۇن ئىچىدە قىقاس چۇقان كۆتۈرۈلدى. دوست ـ بۇرادەرلىرى گۇلنى تەبرىكلەپ ھەممىتىگە ئاپىرىن ئوقۇشتى.

بەھرامدەك بەھەيۋەت پالۋاندىن ئايرىلىپ قالغان يەمەنلىكلەر غەمگە چۆكۈشتى. بۇ ھال نەۋرۇزغا بەكمۇ ھار كەلدى ـ دە، ئېتىنى قامچىلاپ ھۆركىرەپ تۇرغان شىرغا ئوخشاش ناھايىتى زور ھەيۋەت بىلەن مەيدانغا ئېتىلىپ كىردى.

مەيداندا ئۆز غەلىبىسى بىلەن مەغرۇر تۇرغان گۇل ئۆزىگە قاراپ ھەيۋە بىلەن ۋارقىراپ كېلىۋاتقان شىر يۈرەك نەۋرۇزنىڭ ئاۋازىنى دەرھال تونۇۋالدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ غەيرەتكە تولغان ۋۇجۇدى لەرزىدە بوشىغاندەك گويا بىر سېغىنىش ئۇنى ئاتتىن چۈشۈپ ئۇنىڭ ئالدىغا يۈگۈرەپ بېرىشقا ئۈندەۋاتقاندەك ئىدى.

قايسى كۆچ سەۋەبىدىنكىن ـ تاڭ ئۇ ئاتتىن چۈشتى. بۇ ھالنى كۆرگەن نەۋرۇزمۇ دەرھال ئاتتىن چۈشتى. پۈتۈن دىققىتىنى بۇ ئىككىيلەننىڭ ھەرىكىتىگە مەركەزلەشتۈرگەن ئىككى تەرەپ قوشۇنى ئىككى ئەزىمەتنىڭ كېيىنكى تەقدىرلىرىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقى ھەققىدە ۋەھىم يېيىشەتتى. نەۋرۇز گۈلنىڭ ئۆزى تەرەپكە ھېچبىر دەخلىسىز يۈگۈرۈپ كېلىۋاتانلىقىدىن ھېچبىر گۇمان قىلمىدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا دوبۇلغا ـ ساۋۇتلىرىنى سېلىۋەتكەندىن كېيىنكى گۈزەل بىر مەلىكە ـــ گۈل زاھىر ئىدى. ئۇ گۈلنىڭ ئۆزى تەرەپكە قاراپ ئېتىلىپ كېلىۋاتقان لەرزان ھەرىكەتلىرىدىن ئۇنىڭ گۈزەل رۇخسارىنى ئاللىبۇرۇن بىلىپ بولغانىدى. ئۇلار بىر ـ بىرىگە يېقىنلىشىپ، دىدارلىرىغا تويماي قاراشتى. ئۇلار ھېچبىر تۇسالغۇسىز مەھكەم گىرەلەشتى. شۇ تاپتا يەر شارى ئۇلارنىڭ جەڭ مەيدانىدا ئۈچرىشىپ ئاداۋەت تىغلىرىنى سۇندۇرۇپ مېھىر ـ مۇھەببەت گۈللىرىنى ئېچىلدۇرۇۋاتانلىقىغا تەنتەنە قىلىپ ئاستا چۆرگىلەۋاتقاندەك، زەڭگەر ئاسمان قۇياشنىڭ ئىللىق مېھرىنى سېخىيلىق بىلەن سېپىپ ئۇلارنىڭ قەلب بېغىدىكى مېھىر گۈللىرىنى پورەكلەپ ئېچىلدۇرۇۋاتقاندەك ئىدى. ئۇلار شۇ ھالەتتە خېلى ئۇزۇنغىچە تۇردى. ئۇلارنىڭ ئوتلۇق كۆزلىرى ئۆزلىرى دۇچ كەلگەن قىسمەتلىرىنى ھېكايە قىلىپ سۆزلەيتتى. جۇپلەشكەن لەۋلىرى قىسمەت دۇچ كەلتۈرگەن ھايات

لەززەتلىرىنى يۇرەك ـ باغىرلىرىغا ئاقتۇرماقتا ئىدى.

ئۇرۇش ئوتى لاۋۇلداۋاتقان، قان ـ ئىچكۈچى قانخورلار قىلىچلىرىنى يالىڭاچلاپ بىر ـ بىرىگە ھەملە قىلىۋاتقان مۇشۇنداق مىنۇتلاردا غەلىبىنىڭ قايسى تەرەپكە تالىق بولۇشىنى ئىنتىزارلىق بىلەن كۈتۈپ تۇرغان ئىككى تەرەپ قوشۇنى سۈكۈتكە چۆمۈلگەن ئىدى. ئۇلار گويا ئۆز ئوقىنى دەۋر قىلغان پەلەك چاقىدەك ئايلىنىپ تۇرغان بۇ زېمىندا بىر تەن، بىر گەۋدىگە ئايلىنىپ كەتكەن ئىدى. ئىككى تەرەپ قوشۇنى بۇ باھادىرلارنىڭ قايسىسىنىڭ يېقىلىدىغانلىقىغا ھۆكۈم قىلالىشالمايتتى. كۆڭلىدە زەپەرنىڭ ئۆزى تەرەپكە تالىق بولۇشىنى تىلىسىمۇ، لېكىن بىر ـ بىرىگە جاسارەت بىلەن ھەملە قىلىپ، ئېتىلىپ كېلىشكەن بۇ ئىككى ئەزىمەتنىڭ تەقدىرلىرىگە ھېچكىم چىش يېرىپ بىرنېمە دېيەلمەيتتى.

ئۇلار مۇشۇ ھالەتتە خېلى ئۇزۇنغىچە تۇرۇشقاندىن كېيىن ئىككى تەرەپ بىردىن ۋەكىل ئەۋەتىشتى. ئۇلار قارىسا، ئىككى باھادىر بىر تەن، بىر گەۋدىگە ئايلىنىپ كەتكەن ئىدى. بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقان ئىككى تەرەپ قوشۇنلىرى دەرھال قۇراللىرىنى يىغىشتۇردى ـ دە، قىقاس ـ چۇقان سېلىپ ئۇلارنى مۇبارەكلىدى. ئەدەن شاھى بىلەن يەمەن شاھى ئۇلۇغ تەبىئەت ئاتا قىلغان بۇ خاتىرجەملىك ۋە تىنچلىقنى قەتئىي بۇزۇشقا بولمايدىغانلىقى ھەققىدە ئەھدە تۈزۈشتى. ئىككى شاھنىڭ بۇ

ۋەدىلىرىنى ئاڭلىغان ئىككى ئەل خەلقلىرى شادىمان بولدى. ئۇلار مەڭگۈ ساداقەتمەن بولۇپ ئۆتىدىغانلىقى ھەققىدە ۋەدىلەر قىلىشتى. ئىككى شاھ گۈل بىلەن نەۋرۇزنى چىن دىلىدىن مېھىر بىلەن ئىخلاس قىلىشتى. شۇ مەزگىللەردە ھەج مەزگىلى يېتىپ كەلگەن ئىدى. ھەممەيلەن ھەج سەپىرىگە ئاتلاندى.

ئەمدى گەپنى نەۋرۇز بىلەن گۈلنىڭ ئاتلىرىدىن ئاڭلايمىز: كەمىنە ئەھمەت مەۋلانە ئەبەيدۇللا ھەزرەتلىرىنىڭ بۇ ھەقتىكى قىسقا بايانلىرىنى مۇنداق ھېكايە قىلىدۇ:

فەرخار ئېلىنىڭ خاقانى مۈشكىن يوللارغا قويغان قاراۋۇل ۋە ئايغاقچىلاردىن پەرزەنتىنىڭ نەۋشاب ئېلىدە ئىكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن، دەرھال ئۇ ئەلگە ئەلچىلەر ئۆمىكى ئەۋەتتى. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان فەرۇھمۇ تەرەپ - تەرەپتىن پەرزەنتى توغرىسىدا خەۋەر ئىزدەشكە تۇتۇش قىلدى. ئۇلار ھەر ئىككىسى پەرزەنتلىرىنىڭ ھەج سەپىرىگە كەتكەنلىكىدىن خەۋەر تېپىپ دەرھال ھەج سەپەرلىرىگە ئاتلاندى. نەۋرۇزنىڭ نەۋكەرلىرىمۇ نەۋرۇزنىڭ ھالىدىن بىخەۋەر قېلىپ، ئۇنى تەرەپ - تەرەپتىن ئىزدەشكەن ئىدى. لېكىن، ھېچ يەردىن خەۋىرىنى ئالالماي كېيىن ھەج يولىنى ساقلاپ تۇرۇشتى. ئەمما گۈل بىلەن نەۋرۇز ئاللىبۇرۇن بۇ ئۆتەڭدىن ئۆتۈپ بولغانىدى. تاۋاپ قىلىش جەريانىدا ئىككى شاھ خۇداغا تەكبىر ئېيتىپ، نالە قىلاتتى. بىرى: «ئەي پەرۋەردىگار، سەن مېنىڭ بارچە ھالىمدىن خەۋەردار،

ئـول گۈلۈمـنـى خازاندىـن ئـاسرىغـىـن. كەرەمـىڭ بـىلەن مـاڭـا مەرھەمەت قىلىپ ئۇنىڭ بىـلەن مېنـى ئۇچراشـتـۇرغىن» دېسـە، يـەنە بـىـرسـى: «ئەي پەرۋەردىـگـارىم، سەن مـېـنـى نەۋرۇزۇمـدىـن ئـايـرىـدىڭ، سـەن ئـايـرىغـان ئـىـكەنـسـەن، يـەنە سـەن ئـۆزئـارا ئۇچـراشتۇرالايسـەن» دەپ ناله قىـلاتتى. نەۋرۇز بـىلەن گـۈل بـۇ ئىككىيلەننىڭ دەرد بىلەن ئېيتقان پىغانـلىرىنـى ئاڭلاپ خۇداغـا مىڭ شۈكۈر ئېيتىشتى. ئاتلىرى بىلەن ئۇچراشقان بـۇ ئىككـى غەمـغـار خۇشالـلـىقـىدىـن يىغلاپ تـاشلىـدى. ھـەج مەزگـىـلـى ئاخىرلىشىپ، ھەر كىشى كەلگەن يولىغا راۋان بولغان پەيتتە تۆت ئەلنىڭ پادىشاھلىرىمۇ يوللىرىغا راۋان بولدى. ئۇلار يولدا جـۇپ بولـۇشـۇپ مـېڭـىـشـتـى. دەسـلـىـپـىـدە بـىـرسـى: «گـۈلـى رەنـا مېنىڭكىدۇر، ئەدەنلا ئەمەس، ھەتـتـا مېنـىڭ جېنـىممۇ ئـۇنىڭغـا تەئەللۇقتۇر،» دېسە يەنە بىرسى: «مەن نەۋرۇزنىڭدۇرمەن، مېھرى قۇيـاش نۇر تۆكۈشـكە تەئەلـلۇق، ماڭا ئـۇنىڭـسـىز جان كـېـرەك ئەمەس، بـۇ تاج ـ تەخـت ۋە شـاھانە ئـايـۋان ـ سارايلار كـېـرەك ئەمـەس» دېدى.

پادىشاھ فەرۇخ ئەتراپىدىكى شاھلارغا مۇنداق دېدى:

ئەي شاھـلار، ئۇلۇغ پەرۋەردىـگارىم قۇتـلۇق سائەتـتە بىزنـى ئـۇچراشتۇردى. بـۇ بىر ياخـشىلـىقنىڭ ئـالامـىتـىـدۇر. مېنـىـڭ سىلەرگـە ئېيتـىـدىغان بـىـر مەسلـىھەتـىم بار. بىز ئـەپسۇسلـۇق تونلىرىمىزنى سېلىۋېتىپ، سـەلتەنەت تـۇپەيلى يـۇقتۇرۇۋالغان

كىبىر، دۇنياپەرەسلىك، قانخورلۇق، نەپسانىيەتچىلىك، شەخسىيەتچىلىك ۋە ھارامغا ئادەتلىنىشلىرىمىزنى تاشلىۋېتىپ، پۈتۈن ئەلنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، خاتىرجەملىككە ئىگە قىلالىشى، تۆت ئەلنىڭ ئوتتۇرىسىدا مۇقىم بىر سەلتەنەت تىكلەپ، ھەممىمىز ئۇنىڭ ئەمرىگە بويسۇنايلى، ھەرقايسىمىز ئۆزئارا بېرىش - كېلىش قىلىپ خاتىرجەم تۇرمۇش كەچۈرەيلى. نەۋشاد ئېلىنىڭ ياز پەسلىمۇ گۈزەل ۋە مەمۇرچىلىققا تولغان بولۇپ، جەننەت ئەنداز ماكانلارنىڭ بىرسى. يەمەن ئېلى كۈز پەسلىدە ئاجايىپ مولچىلىق ۋە باياشاتچىلىققا ئايلىنىدۇ. گويا جەننەت مىسالى ماكانلارنىڭ بىرى بولۇپ، نېمەتلىرى مول، مەئىشەتلىرى لەززەتلىك ماكانلارنىڭ بىرى. ئەدەن ئېلى قىش پەسلىدە كۆڭۈلنى يايرىتىدىغان، ئىشرەت قىلىپ كۆڭۈلنى ئاچىدىغان گۈزەل ماكانلارنىڭ بىرى. قارا قىش پەسلىدە بۇ ئىقلىم گۈزەل گۈل - چېچەكلەرگە پۈركۈنۈپ كۆڭۈلنى كۆتۈرىدۇ. ئەدەن ئېلىدەك كۆڭۈل يايرايدىغان ماكان كەمدىن - كەم تېپىلىدۇ. مانا مۇشۇ تۆت ئەل ئۆزئارا ئىتتىپاق ئۆتۈپ، ئەلگە خاتىرجەملىك بېغىشلىساق نېمە دېگەن ياخشى. ئەگەر بۇ ئەللەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا زىددىيەت چىقىپ، مۇخالىپلىق كۆرۈلسە، تۈگىمەس ماجرادىن قۇتۇلغىلى بولمايدۇ. يۇرت خاتىرجەملىكتىن، ئەل كۆڭۈل شادلىقتىن ئايرىلىپ، شاھلار كۆڭۈل ۋەسۋەسىسىدىن ئازاد بولالمايدۇ. ئويلىشىپ بېقىڭلار.

كېچەشتىكى بارلىق شاھلار بۇ تەكلىپنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلىشتى. تۆت ئەلنىڭ خەلقى بىھۇدە قان ـ تۆكۈلۈش ۋە يۇرتنىڭ زەخمىگە ئۇچرىشىدىن قۇتۇلدى. ھەممەيلەننىڭ كۆڭلى خۇش، يۇرتىمۇ ئەمىنلىككە قەدەم قويۇشقا باشلىدى.

نۇرغۇن تەزىم ـ تەۋەززۇ، ئىكراملاردىن كېيىن ئەدەندىن كەلگەنلەر ئەدەنگە، يەمەندىن كەلگەنلەر يەمەنگە يول ئالدى. مۇشكىن مەلىكىسى گۇل بىلەن فەرۇھ شاھزادىسى نەۋرۇز مەدىنە مۇنەۋۋەرگە يۈز قويدى ۋە ھەج سەپىرىنى تاماملاپ، نەۋشاد ئېلىگە قاراپ يولغا چىقتى. ئۇلار بۇ ئەلدە ھەق ـ نىكاھ پەرزىنى ئادا قىلىپ، ئىككى ئاي تۇردى. بۇ جەرياندا يېزا ـ سەھرالارنى ئارىلاپ، كەمبەغەل، يېتىم ـ يېسىرلارغا خەير ـ ئېھسان قىلدى. ھايات لەززەتلىرىدىن قانغۇچە ھۇزۇرلانغاندىن كېيىن، ياز پەسلىدە گۇل، نەۋرۇز ۋە مۇشكىن شاھ بىرلىكتە، كۆڭۈل خاھىشى بىلەن، نەۋشاد ئېلىدىن فەرخار ئېلىگە سەپەرگە ئاتلاندى. ئۇلار يول بويى بارلىق جاپا ـ مۇشەققەتلەرنى ئۇنتۇپ، خۇشال يول يۈرۈشتى. ئەلدە تىنچلىق ۋە خاتىرجەملىك ئەمەلگە ئاشقانلىقى ئۈچۈن، يوللار ئوغرى ـ بۇلاڭچىلاردىن خالى، ئەل ئارىسىدا ئۇرۇش ـ جېدەل يوق ئىدى. ئۇلار بۇ تۆت ئەلنى خاتىرجەم ئايلىنىپ چىقتى.

ئەلقىسسە، رىۋايەت قىلغۇچىلارنىڭ قىلىنىدۇرلەركىم، خۇشاللىقنى تەقدىم

قىلغان تەبىئەت ئۈنىگغا ھىجرانىنى ھەمشىرىك قىلغاندەك، قاباھەتنى ئاپىرىدە قىلغان تەبىئەت ئۈنىگغا دادىلىقنى ئىنئام قىلغاندەك، ھاياتنى بەخش ئەتكەن تەبىئەت ئۈنىگغا ئۆلۈمنى بەرقارار قىلغاندەك ئۈزلۈكسىز ئايلىنىپ، دەۋر قىلىپ تۇرىدىغان بۇ ئالەمدە، تۆت پادىشاھ ئۆلۈم شەربىتىنى سۈمۈرۈشتىن خالىي بولالمىدى. ئۇلارنىڭ ئارقا ـ ئارقىدىن ھەق رەھمىتىگە ئېرىشىشىدىن كېيىن، گويا يەر يۈزىنىڭ ئادەمزات ياشايدىغان قىسمى يوقالغاندەك بولدى.

نەۋرۇز تۆت ئەل پادىشاھلىرىنىڭ ئورتاق كېڭىشىشى ۋە ۋەسىيەت قىلىشى بىلەن، تۆت ئەلگە رەھنامە بولۇپ، سەلتەنەت تەختىدە ئولتۇردى. ئەل ئارىسىدا ياخشى قائىدە ـ نىزاملارنى ئورنىتىپ، ئەلنىڭ كۆڭلىنى خۇش قىلدى. ئەل ئۈنىڭدىن خۇش، ئۇمۇ ئەلدىن خۇش بولغان، ئارمان گۈللىرى ئېچىلغان گۈزەل بىر ئىقلىم يېڭىباشتىن رويى بەردى. دۆلەت خىراجىتىدە گاھى خاقانى چىن خىراجەت بىلەن تەمىن ئەتسە، خوتەن خاقانى باج تاپشۇردى. پەرەڭ، رۇم ئەللىرى راست سۆزلۈك بىلەن تىجارەت يوللىرىنى كېڭەيتىپ، بۇ ئەلنىڭ ئادالەتلىك سىياسەتلىرىدىن سائادەتكە مۇشەررەپ بولدى.

مۇئەللىپ ھەزرىتى مەۋلانە ئەبەيدۇللا لۇتفى مۇبارەك قەلەملىرىنى جەڭ مەيدانىدىكى گۈزەل تەسۋىرلەردىن

توختىتىپ، ئەلدىكى خاتىرجەملىك، باياشاتچىلىق ۋە مەمۇرى هايات ئۈستىدە يورغۇلۇتۇپ بولغاندىن كېيىن ئەسەرنىڭ قەلەمگە ئېلىنغان ۋاقتى ھەققىدە توختىلىدۇ. ئۆزىنىڭ گۈزەل ئارزۇلىرىنى مۇنداق بايان قىلىدۇ:

تەۋەققۇئە ئۇلدۇر ئەسهابى هۇنەردىن،
كى چۇن فەيز ئالسالار بۇ مۇختەمەردىن.
دۇئا بىرلە سۆيۈندۇرگەيلەر ئانى،
يەنە دەرفاسىت بار ياخشىلاردىن.
موغۇل سوپىنى بىلگەن ياخشىلاردىن،
گەر ئەلفازىمنى تەغيىر ئەتمەگەيلەر.
تەسەررۇف بىرلە بىر - بىر ئەتمەگەيلەر،
تارىخ سەككىز يۈز ئون تۆت ئەردى هىجرەت.
كى نەفش ئەتتىم بۇ مەنزۇرى مۇھەببەت،
ئۇقۇغانىخ، بىشكەنگە ئىلاهى.
مۇبارەك قىل بۇ گەنجى پادىشاهى،
بۇ ئەزىز ئەتتار ئۆلۈپ كەتتى بىراق.
چاچتى بەش يۈز يىل ئىپارى خۇشپۇراق،
بولمىغاچ بۇ نەزمىنىڭ ۋەزنى يەڭگىل.
بىنەزەر يۇردى تولا ساهىبى دىل،

ئىلتىماس قىلدى دوستۇم ئۆزرە بەزم.
كى نەسىر قىلساڭ ئىدىڭ ئۇشبۇ نەزم،
دېدىم: «قانداق يۆتكىگەي تاغنى مەن يەل؟»
دېدى: «ئىخلاس بىلەن بىرلە ئاۋۋال باغلىغىن بەل!
نە تەشۋىش بۇ يولدا بولسىمۇ تاغ.
تېشەرسەن بارماقتا ساق بولسا تىرناق!»
بۇ كۆڭۈل جامىغالىق رىغبەت تولۇپ.
كەتتىما نەۋرۇز گويا ئەزىمەت بولۇپ،
مېھنىتىم بىر قۇدرەتنى نەق بېرىپ ماڭا.
قىزىل قېنىم ئۇ گۇلنىڭ رەڭگى بولدى،
يۈرىكىم بەلكى يەنە بەرگى بولدى.
ياشلىرىمنى تارىم بەرگىمدە شەبنەم،
ھىدىغا بۇ روھىم بولدى مۇجەسسەم.
شۇ نىيەتتىن يوق ئىدى ئۆزگە مەقسەت،
تاپتى ئامەت مېھنەتتىن ئەمدى ئەھمەد.

2009 ـ يىل قەشقەر.

داستاننى نەسرىيلەشتۈرۈشتە «بۇلاق» مەجمۇئەسىنىڭ 1981 ـ يىلى 1 ـ سانىدىكى مەرھۇم رەھمىتۇللا جارى ئەپەندى نەشرگە

تەييارلىغان «گۇل ۋە نەۋرۇز» داستانى ئاساس قىلىندى. مۇشۇ مەجمۇئەنىڭ 1990 ـ يىل 4 ـ ساندا ئابدۇقادىر سادىر نەشرگە تەييارلىغان «گۇل ۋە نەۋرۇز» داستانى رەھمەتۇللا جارىنىڭ تەييارلىغان نۇسخىسىدا كەم جايلىرىنى تولۇقلاشتا پايدىلىنىلدى.

**图书在版编目(CIP)数据**

玫瑰与诺如孜：维吾尔文 / (明)鲁提菲著；艾麦提·代尔维什修改编. -- 乌鲁木齐：新疆美术摄影出版社：新疆电子音像出版社，2011.3
(享受少儿名著丛书. 第1辑)
ISBN 978-7-5469-1446-6

Ⅰ.①玫… Ⅱ.①鲁… ②艾… Ⅲ.①散文-中国-当代-维吾尔语(中国少数民族语言)Ⅳ.①I267

中国版本图书馆CIP数据核字(2011)第036005号

| | |
|---|---|
| 丛 书 名 | 享受少儿名著丛书 - 1 (8) |
| 书 名 | 玫瑰与诺如孜 |
| 策 划 | 艾则孜·阿塔吾拉·萨尔特肯 |
| 作 者 | 鲁提菲 |
| 编 写 | 艾麦提·代尔维什 |
| 责任编辑 | 迪丽努尔·阿布都热合曼 |
| 责任校对 | 努尔阿利亚·阿布都克里木 |
| 特约校对 | 阿卜杜艾尼·阿巴斯 |
| 封面设计 | 努尔买买提·吾买尔 |
| 出 版 | 新疆美术摄影出版社<br>新疆电子音像出版社 |
| 地 址 | 乌鲁木齐市西虹西路36号 |
| 邮 编 | 830000 |
| 发 行 | 新疆新华书店 |
| 印 刷 | 新疆新华印刷厂 |
| 开 本 | 880×1230mm 1/32 |
| 印 张 | 2.25 |
| 版 次 | 2011年3月第1版 |
| 印 次 | 2011年3月第1次印刷 |
| 书 号 | ISBN 978-7-5469-1446-6 |
| 总 定 价 | 124.00元（全10册） |

（书中如有缺页、错页及倒装请与工厂联系）

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: نۇرمۇھەممەد ئۆمەر ئۇچقۇن

ياش - ئۆسمۈرلەرنىڭ كىلاسسىك ئەسەرلەردىن بەھرىلىنىش مەجمۇئەسى - 1

پەرھاد - شېرىن

لەيلى - مەجنۇن

سۇنغان ساتار

سەددى ئىسكەندەر

سەبئەئى سەييارە

زۇلمەت ئىچىدە نۇر

ئىبن سىنا قىسسەسى

گۈل ۋە نەۋرۇز

جەيھۇن ئۈستىدە بۇلۇتلار

مەھزۇن - گۈلنىسا

8.00

ISBN 978-7-5469-1446-6

9 787546 914466 >

总定价：124.00元（全10册）